ئىمىن تۇرسۇن



# نورۇزنامە

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

196-1

ئىمىن تۇرسۇن

# نورۇزنامە

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: **ياسىن ئىمىن**
مەسئۇل كوررېكتورلىرى: **ئابلىز ئابباس**
**ئىبادەت ياسىن**
تېخنىكا رېداكتورى: **مۇھەممەد ئەلى لېتىپ**
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: **غالىپ شاھ**

# نورۇزنامە

ئاپتورى: **ئىمىن تۇرسۇن**

*

شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 - كوچا 1 - قورۇ، پ: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى خاۋكۇن رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168 × 850 م م، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 4.125
2001 - يىل 1 - ئاي 1 - نەشرى
2009 - يىل 4 - ئاي 3 - بېسىلىشى
ISBN 978 — 7 — 5371 — 3799 — 7
سانى: 7070 — 4071
باھاسى: 8.00 يۈەن
بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# مۇندەرىجە

يېڭى يىل .................................. 1
نورۇز .................................. 6
نورۇز ـــ قۇتلۇق بايرام .................................. 11
نورۇزنىڭ خاسىيەتلىرى .................................. 15
نورۇزنىڭ رەسمىيەتلىرى .................................. 20
ۋاقىت ھېسابى .................................. 25
ئاي ناملىرى .................................. 27
ھەپتە .................................. 33
يېڭى كۈننىڭ باشلىنىش نۇقتىسى .................................. 37
ۋاقىت زونىلىرى .................................. 37
سوتكا (كېچە ـ كۈندۈز) .................................. 38
مۇچەل .................................. 40
چىللە ۋە توقسان .................................. 42
ئەسىر ۋە قىران .................................. 44
كالېندار ياكى تەقۋىم .................................. 46
چاغلارنىڭ خاسىيىتى .................................. 61
ئۇرۇغ ـ تۇغقانلار ئاتلىرى .................................. 70
ئۇيغۇرلاردا رەڭ ـ بوياق ئاتالغۇلىرى .................................. 78
ئات ھەققىدە چۈشەنچىلەر .................................. 82
ئۇيغۇرلاردا قۇتلۇق قۇش .................................. 93
ئەدەب ـ ئەخلاق ۋە ياشلار .................................. 96
تۇرمۇشتىكى ئەدەپ ـ يوسۇنلىرىمىز .................................. 115

# يېڭى يىل

دۇنيادىكى دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەرنىڭ «يېڭى يىل» نى باشلاش ۋاقتى ئوخشاش ئەمەس. جۇڭگو ۋە باشقا كۆپ دۆلەتلەر مىلادىيە كالېندارى بويىچە 1 ــ ئاينىڭ 1 ــ كۈنىنى يېڭى يىل بايرىمى قىلىدۇ. خەنزۇلار بۇ كۈننى «يۈەندەن» ( 元旦 ) دەپ ئاتايدۇ، بۇ «دەسلەپكى كۈن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

بەزى دۆلەتلەر ئۆز دۆلىتى ۋە مىللىتى ئۈچۈن چوڭ ئەھمىيەتلىك بولغان كۈننى ئەنئەنىۋى يېڭى يىل بايرىمى قىلىدىكەن. مەسىلەن، فىلىپ-پىنلىقلار مىللىي قەھرىمانى خېسەي لىساڭ قۇربان بولغان كۈننى، يەنى مىلادىيە 12 ــ ئاينىڭ 30 ــ كۈننى يېڭى يىل باشلانغان بايرام قىلىدى-كەن. نىل ۋادىسىدا ياشايدىغان قەدىمكى مىسىرلىقلار يىل بېشىنى نىل دەرياسىغا تاشقىن كەلگەن كۈنگە قاراپ بەلگىلىگەن. ئېيتىشلارغا قارىغان-دا، مىلادىيىدىن 4000 يىل ئىلگىرى، مىسىرلىقلار تۇندە يۇلتۇزلارنى كۈزىتىپ، بۆرە يۇلتۇز (Sirius) بىلەن قۇياش تەڭ بالقىغاندا، نىل دەرياسىدا سۇ تاشىدىغانلىقىنى بايقىغان. شۇڭا مىسىرلىقلار بۆرە يۇلتۇز بىلەن قۇياش تەڭ بالقىغان كۈننى يېڭى يىلنىڭ بېشى ھېسابلىغان ۋە بۇ كۈننى «تاشقىن نورۇزى» دەپ ئاتىغان. بۇ كۈن مىلادىيە كالېندارىدا 6 ــ ئاينىڭ 15 ــ كۈنىگە توغرا كېلىدىكەن.

بەزى مەملىكەتلەر يېڭى يىل كۈننى پەسىل مەزگىلىگە ۋە ھاۋا رايىغا قاراپ بەلگىلىگەن، مەسىلەن، ئېفىئوپىيە (ھەبەشىستان)دە، ھەر يىلى 9 ــ ئاينىڭ 11 ــ كۈنى يېڭى يىل كۈنى ئىكەن، بۇ چاغدا يامغۇر پەسلى ئۆتۈپ، كىشىلەر ھوسۇل پەسلىنى قارشى ئېلىپ، بىر ــ بىرىنى تەبرىكلى-شىدىكەن. كونگودىكى زونگو خەلقى «ھوسۇل بايرىمى» نى يېڭى يىل

بېشى قىلىدىكەن، ئۇ يەردە ھاۋا رايى قۇرغاق، ئىسسىق بولغاچقا، يامغۇر پەسلىدىلا تېرىقچىلىق قىلىدىكەن، شۇڭا بىرىنچى قېتىم يامغۇر ياغقان كۈننى يېڭى يىل بېشى قىلىدىكەن. شىمالىي سوغۇق بەلۋاغدا ياشايدىغان ئېسكىمۇسلار بىرىنچى قېتىم قار ياغقان كۈننى يېڭى يىلنىڭ باشلىنىشى دەپ ھېسابلايدىكەن.

ئۇگاندادا، كىشىلەر بىر يېغىن پەسلى ۋە بىر قۇرغاقچىلىق پەسلىنى بىر يىل ھېسابلايدىكەن، يەنى يېغىن پەسلى تۈگىگەن كۈنى ئۇلارنىڭ يېڭى يىل كۈنى بولىدىكەن. مىلادىيە كالېندارىدىكى بىر يىل ئىچىدە، ئۇلاردا بىر يېغىن پەسلى ۋە بىر قۇرغاقچىلىق پەسلى بولغاچقا، بىر يىل ئىچىدە ئىككى يېڭى يىل بولىدىكەن. ئۇلار «يېغىن نورۇزى»، «قۇرغاقچىلىق نورۇزى» دەپ ئاتىشىدىكەن.

ھىندونېزىيەدىكى كرابىت خەلقى يىل ھېسابىدا ئاسرىلىدىغان قۇشلارنىڭ كېلىش ۋاقتىنى ئاساس قىلىدىكەن. بىر يىل ئىچىدە، ئاسرىلىدىغان قۇشلارنىڭ ئەڭ بالدۇر كەلگەن كۈننى يېڭى يىل بېشى — نورۇز قىلىدىكەن.

بەزى مەملىكەتلەردە نورۇز (يېڭى يىل بايرىمى) دىنىي ئېتىقاد بويىچە بەلگىلەنگەن. ئىسلام مەملىكەتلىرىدە قۇربان ھېيت يېڭى يىل قىلىنىدۇ. ئىسلام كالېندارى بويىچە زۇلھەججە ئېيى (12 ـ ئاي) نىڭ 10 ـ كۈنى قۇربان ھېيت قىلىنىدۇ.

بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بىرمىلىقلار ھەريىلى 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىدىغان سۇ چېچىش بايرىمىنىڭ ئاخىرقى كۈننى يېڭى يىل بېشى قىلىدىكەن. تايلاندتا ھەر يىلى 4 ـ ئاينىڭ 13 — 15 ـ كۈنلىرى كېلىدىغان سوڭكان ھېيتىنى يېڭى يىل بېشى قىلىدىكەن. ھىندىلار ھەريىلى 10 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىدىن باشلاپ، بەش كۈن ھېيت قىلىدىكەن، تۆتىنچى كۈننى يېڭى يىل بېشى دەپ ھېسابلايدىكەن.

پارس قولتۇقى رايونىدىكى ئىرانىيلار ئەتىيازغى تۇرۇم (ئېتىدال — كۈن توختايدىغان چاغ) نى ئەنئەنىۋى نورۇز قىلىدۇ، بۇ كۈن مىلادىيە كالېندارى بويىچە 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ ۋە 23 ـ كۈنلىرىگە توغرا كېلىدۇ.

يەھۇدىيلار كۈزگى تۇرۇمنى نورۇز قىلىدۇ، بۇ كۈن 9 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

دېمەك، دۇنيادا كۆپ مىللەتلەر يىل بېشىنى بايرام قىلىدۇ. بۇ بايراملار ئېلەت ① ـ مىللەتلەرنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈش تارىخىدا شەكىللەنگەن. بۇ بايرام ۋاقىت كاتېگورىيىسىگە باغلىق ھالدا، مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىلىرى بويىچە، يىلنىڭ مەلۇم چاغلىرىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ.

قەدىمكى زاماندا، كۈن ـ چاغنى، ئاي ـ يىلنى ئېنىق ھېسابلايدىغان ئاسترونومىيىلىك يازما كالېندار يوق ئىدى. «جۇنامە» نىڭ «تۈركلەر» بابىنىڭ ئىككىنچى بۆلۈمىدە: «خان چېدىرىنىڭ ئىشىكى شەرققە قارىتىلىدۇ. شەرقنى كۈن تۇغقان تەرەپ دەپ سېغىنىدۇ. ئۇلار كالېندارنى بىلمەيدۇ، پەقەت ئوت ـ چۆپنىڭ قايتا ياشىرىشى بىلەن ۋاقىتنى ھېسابلايدۇ...» دەپ يېزىلغان. قەدىمكى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز، باھاردا ئوت ـ گىياھنىڭ ياشلىنىش (قايتا ئۇنۇپ ـ كۆكلەپ چىقىش) ھادىسىسى ئارقىلىق يىلنىڭ ئۆرۈلگەنلىكىنى بىلگەن. شۇنىڭدەك، ھەريىلى يۇلتۇزلار ئورۇنلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆزىتىش ئارقىلىق كۈن (قۇياش) نىڭ بىر يىللىق دەۋرىنى ھېسابلاپ، «يىل بېشى» نى ئېنىق بەلگىلىگەن.

قەدىمكى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز كۆچمەن ـ چارۋىچىلىق بىلەن ياشىغان زامانلىرىدا، ئۇلار كۆپىنچە چارۋا مال بىلەن شۇغۇللىناتتى. شۇڭا، چارۋا مالنىڭ ياشاش تەرزلىرىنى ۋە ئۇلار باغلىق بولغان تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئوبدان بىلەتتى. ئوت ـ چۆپ يەيدىغان ھايۋانلارنىڭ ئۇرچۇش ② دەۋرىمۇ ناھايىتى قانۇنىيەتلىك بولاتتى. مەسىلەن، قوزى (تۆل) باھار يېڭى باشلانغان ۋە ئوت ـ چۆپ يېڭىدىن بىخلانغان چاغدا تۇغۇلىدۇ. بۇ چاغ ــــ تەبىئەت كۆكەرگەن (يېشىللانغان) چاغدۇر.

قەدىمكى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز قۇياشنىڭ قوزى (ھەمەل) بۇرجىغا

---

①ئېلەت ــــ خەلق مەنىسىدە، يەنى مىللەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈش ئالدىدىكى خەلق.

② ئۇرچۇش ــــ كۆپىيىش.

كىرگەن ۋاقتىنى «يىل بېشى» ۋە بىرىنچى كۈنىنى «كۈن تۇغدى» دەپ
ئاتىغان. بۇنداق قىلىشتا، جۇغراپىيىلىك ئورۇن ۋە ئاسترونومىيىلىك ۋاقىت-
نى ئاساس قىلىش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش
ۋاستىلىرىگە باغلىق ھالدا يارىتىلغان ئىگىلىك ھاياتى، ئەنئەنىۋى ئادىتى
ھەم ناتۇراللىستىك ئېتىقادلىرىمۇ مۇناسىۋەتلىك بولغان.

قەدىمكى ئاتا – بوۋىلىرىمىز «ئۆرۈلگەن يىل» نى «يىل بېشى»
قىلغان ۋە بۇ يىلنى «ياشلانغان يىل» ياكى «ياشارغان كۈن» دەپ
ئاتىغان. بۇنداق ئاتاش «ياش» سۆزىدىن باشلانغان. مىلادىيىدىن ئىلگى-
رىكى ئالتاي تىللىرىدا، «يىل» بىلەن «ياش» ئېتىمولوگىيە جەھەتتىن
مەنىداش سۆزلەر ئىدى. قەدىمكى دەۋردە، بۇ ئىككى سۆزنىڭ تۈپ
شەكلى، ni āl بولۇپ، «ئۆل» («ھۆل» ياكى «يۆل» —— نەم) دېگەن
مەنىنى ئاڭلىتاتتى، قارلار ئېرىپ، ھۆلچىلىك باشلانغان مەزگىلنى بىلدۈ-
رەتتى. فرانسۇز تىلشۇناسلىرىدىن لۇئى بازان «قەدىمكى تۈركىي مىللەت-
لەرنىڭ ياش توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى» دېگەن تەتقىقات ماقالىسىدە
بايان قىلىشىچە، n'al (ھۆل / نەم، يېشىل)؛ موڭغۇل تىللىرى ئائىلىسى-
دىكى شەكلى inil (بىخ، يېڭى ئۆسكەن، ياش)، فىن – ئوغۇر تىللىرى
ئائىلىسىدىكى شەكلى nyal (نەم، شۆلگەي).

ھازىر مانجۇ تىلىدا «سۇ»، «نەم» دېگەن مەنىلەرنى niyo، niol
دېگەن شەكىلدە بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، «سازلىق» نى niyo coko، سۇ
كۆلىنى niyo ilha، «چىملىق» نى niol mon دەيدۇ. دېمەك، ئالتاي
تىللىرى سىستېمىسىغا كىرىدىغان تىللار ئائىلىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەر
بارا – بارا ئېنىق گەۋدىلىنىپ، قەدىمكى ئورتاق ئالتاي تىلىدا سۆز بېشىدا
كېلىدىغان n* تاۋۇشى كېيىنچە تۈركىي تىللاردا ئاساسەن – y (تۈركىي
تىللار ئائىلىسىنىڭ بەزى گۇرۇپپىلىرىدا – j «ج»)غا ئالماشقان؛ سۆز
ئاخىرىدىكى « (ل)» تاۋۇشى كۆپلىگەن تۈركىي تىللاردا s (س) بىلەن
نىسبەتلەشكەن. سوزۇق تاۋۇش a (ئا) بەزى تىللاردا ئەينەن ساقلانغان،
بەزى تىللاردا ئاجىزلاشقان ياكى o (ئو) غا ئالماشقان؛ ya (يا) بوغۇمى
كۆپ ھاللاردا yi (ي) غا ئۆزگەرگەن. نەتىجىدە، ئېتىمولوگىيە جەھەتتە

تۆۋى بىر بولغان «يىل» بىلەن «ياش» بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ، ئۆز ئالدىغا ئايرىم ئىككى خىل مەننى بىلدۈرگەن: «يىل» ئاسترونومىيىلىك ۋاقىتنى، يەنى قۇياش مەركىزىنىڭ دائىرە بويلاپ ئايلىنىش ۋاقتىنى بىلدۈرسە، «ياش» ـــ «هۆللۈك» (نەملىك) بىلەن ئالاقىدار هالدا جانلىقلار ياشلانغان، ئوت ـ گىياهلار ياشارغان ۋە شۇنىڭ بىلەن باهار باشلانغان ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان بولغان. يۆل (هۆل ـ نەم) دېگەن مەنىسمۇ بولغان، «ياش» سۆزىگە il ـ ( ىل) قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ «ياشىل» (يېشىل) سۆزى ياسالغان. شۇڭا، باهار ـــ كۆكلەم، يېڭى ياش (يېشىللىق) كۆرۈنگەن ۋاقىت بويىچە بەلگىلەنگەن. بۇ ۋاقىت، هازىرقى چاغدا، شىمالىي ئىللىق بەلۋاغدا ئاساسەن 3 ـ ئايدا كەلسە، هاۋارايى تۆپەيلىدىن بەزى رايونلاردا كېيىنرەك ياكى بالدۇرراق باشلىنىدۇ.

«ياش» سۆزىنىڭ هازىرمۇ ئۇيغۇر تىلىدا، ئۆمۈر تارىخىنى بىلدۈرىدىغان مەنىسىدىن باشقا، «نەم» ياكى «هۆل» نى بىلدۈرىدىغان «ياش» (كۆز يېشى)، شۇنىڭدەك، «يېڭى» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «ياش» (مەسىلەن، «ياش گۆش» يەنى يېڭى گۆش)، ئۆمۈرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىنى بىلدۈرىدىغان «ياش» (ياش يىگىت، ياشلىق)، «يېشىل» ياكى «كۆك» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «ياش» (ئوتياش، كۆكتات) دېگەندەك مەنىلىرىمۇ بار.

قەدىمكى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز، دەسلەپتە، يېڭى يىلنى «يىل بېشى» ياكى «كۆن تۇغدى» دەپ ئاتىغان بولسا، X ئەسىرلەردىن كېيىن، ئىرانلىقلارنىڭ «نورۇز» سۆزىنى قوبۇل قىلىپ، باهار بايرىمىنى «نورۇز» دەپ ئاتايدىغان بولغان. «نورۇز» دىكى «نو» (ئوقۇلۇشى «نەۋ») نىڭ تۈپ مەنىسى كونىنىڭ ئەكسى بولغان «يېڭى»، «ئېرىغ» (تازا) دېگەنلىكتۇر؛ «رۇز» نىڭ مەنىسى ئاپتاپ (قۇياش) تۇغۇلۇپ پاتقۇچە يورۇق بولۇپ تۇرىدىغان چاغ دېگەنلىكتۇر. دېمەك، «نورۇز» ـــ يېڭى كۈن، قۇياش يېڭىۋاشتىن تۇغۇلغان، يەنى ياشارغان كۈن دېگەندىن ئىبارەت.

# نورۇز

نورۇز ـــ بىر خىل تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەرنىڭلا بايرىمى ئەمەس، بەلكى ئىككى خىل تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئورتاق بايرىمى.

يەر شارىنىڭ شىمالىي ئىللىق بەلۋېغىغا توغرا كېلىدىغان كەڭرى زېمىندا، يەنى شەرقتە سۇنغار دەرياسىدىن باشلىنىپ، غەربتە ئوتتۇرا دېڭىزغىچە بولغان زونىدا ياشىغۇچى ئوتتۇزلىغان ئىلەت ـ مىللەتلەر بۇ كۈننى مىللىي ئەنئەنىۋى بايرام قىلىپ نىشانلايدۇ. بۇ مىللەتلەر تىل جەھەتتىن ئالتاي ـ ئورال تىللىرى ۋە ھىندى ـ ئىران تىللىرىدىن ئىبارەت ئىككى سىستېمىغا تەئەللۇق بىرقانچە خىل تىل ئائىلىلىرىدە سۆزلىشىدۇ؛ ئىرقىي ئايرىما جەھەتتىن موڭغۇلوئىد، تۇرانىد ۋە ئارىيان تىپلىرىغا كىرىدۇ. بۇ ئىلەت ـ مىللەتلەر ئۇزاق تارىخىي جەرياندا، شەرقتىن غەربكە ۋە غەربتىن شەرققە، شىمالدىن جەنۇبقا كۆچۈپ يۈرۈش ئارقىسىدا، بەزىلىرى ئارىلاش ـ قوراش بولۇپ كەتكەن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ جىنسىي تىپلىرىغا ۋە تىللىرىغا ئۆزئارا تەسىرلىرى سىڭىشكەن.

نورۇز ـــ يەر شارىنىڭ شىمالىي كەڭلىكىدە ئىللىق بەلۋاغ زونىسىدا، جۇغراپىيىلىك ئورۇن ۋە ئاسترونومىيىلىك ھادىسە بويىچە بەلگىلەنگەن يىل بېشى. جۇغراپىيىلىك ئورۇن جەھەتتە، شىمالىي ئىللىق بەلۋاغ $23°27'$ بىلەن $66°34'$ پاراللېل سىزىقلىرى ئارىسىغا توغرا كېلىدۇ. ئاسترونومىيىلىك ھادىسە جەھەتتە، ۋاقىت ـ چاغلار «ئون ئىككى ئۆكەك» ۋە «يەتتە ئاقراق» بويىچە ھېسابلانغان. كېيىنكى چاغلاردا، «ئون ئىككى ئۆكەك» ـــ «ئون ئىككى بۇرج» دەپ ئاتالغان. «ئۆكەك» ياكى «بۇرج» ـــ «زودىئاك» ـــ ئاسماندا سەييارىلەر (ئاقراق-

لار) ھەربكەت قىلىدىغان چەمبەر يول؛ ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئاسمان فازىسىدىكى چوڭ كۆرۈنمە (كۆرگىلى بولىدىغان) دائىرە، قۇياش مەركىزى ئۆزىنىڭ يىللىق ھەربكىتىدە مەزكۇر دائىرىنى بويلاپ ھەربكەتلىنىدۇ. قۇياش ئۆزىنىڭ يىللىق ئايلىنىشىدا، ھەربىر ئۆكەك (بۇرج) نى بىر ئايدا بېسىپ ئۆتىدۇ. ئۆكەك ئون ئىككى يۇلتۇزدىن تەركىب تاپقان. قەدىمكى دەۋردە ئاتا ــ بوۋىلىرىمىز بۇ ئون ئىككى ئۆكەكنى كۆپىنچە نەرسىلەرنىڭ ناملىرى بىلەن ئاتىغان.

قەدىمكى تۈركىي تىلدا، ئۆكەكلەر قوزا، ئۇي، ئاراندىز (قوشكېزەك)، قۇچىق (قىسقۇچپاقا)، ئارسلان، بۇغداي بېشى، ئۈلكۈ (تارازا)، چايان، يا، ئوغلاق، كۆنەك (سوغا)، بېلىق دەپ ئاتالغان. بۇلارنىڭ ئەرەبچە ــ پارسچە تەگداشلىرى ــــ ھەمەل، سەۋر، جەۋزا، سەرەتان، ئەسەد، سۇنبۇلە، مىزان، ئەقرەب، قەۋس، جەدى، دەلۋە، ھوت دېيىلىدۇ. ئۆكەك (بۇرج) نىڭ مىنتەقىسى، يەنى قۇياشنىڭ ئايلىنىش يولى 360 دەرىجىگە بۆلۈنۈپ، ھەربىر ئۆكەك 30 دەرىجىنى ئىگىلىگەن. ھەربىر دەرىجىنىڭ 60 تىن بىرى دەقىقە (مىنۇت) بولۇپ، ھەر دەقىقە 60 سانىيە (سېكۇنت) گە بۆلۈنگەن.

«يەتتە ئاقراق» (يەتتە سەييارە) ــــ سەكەنتىر (زۇھەل ــ ساتۇرن)، ئوتگاي (مۇشتەرى ــــ يۇپىتېر)، كۇرۇد (مىررىخ ــــ مارس)، ياشىق (شەمس ــ قۇياش)، سەۋىت (زۆھرە ــ ۋېنېرا)، ئارزۇ (ئوتارۇد ــــ مېركۇرىي)، يالچىق (قەمەر، ماھ، ئاي) دەپ ئاتالغان. قەدىمكى چۈشەنچىدە، قۇياش بىلەن ئايمۇ سەييارىلەردىن ھېسابلانغان. قەدىمكى ئاتا ــ بوۋىلىرىمىز يۇلتۇزلارنى تۆت تادو (تۆت ئاناسىر) چۈشەنچىسىگە تەتبىق قىلىپ، تۆت پەسىل، تۆت تەرەپ، تۆت خىل رەڭ قاتارلىقلارنى ئىپادىلىگەن. ئون ئىككى ئۆكەك (بۇرج) نى تۆت پەسىلگە تەئەللۇق قىلىپ، ھەر پەسىلگە ئۈچتىن يۇلتۇزنى تەقسىم قىلغان. مەسىلەن:

ھەمەل (قوزا)، سەۋر (ئۇي)، جەۋزا (قوشكېزەك ــ ئاراندىز) يۇلتۇزلىرى ــــ باھار بۇرچى؛

ئەسەد (يولۋاس)، سەرەتان (قۇچىق ــــ نەك)، سۇنبۇلە (بۇغداي بېشى) ــــ ياز بۇرچى؛

قەۋس (يا)، مىزان (ئۈلكۈ ــ تارازا)، ئەقرەب (چايان) ــــ كۈز

بۇرجى؛

جەدى (ئوغلاق)، دەلۋە (كۆنەك ـ سوغا)، هوت (بېلىق) —— قىش بۇرجى.

يۇسۇپ خاس هاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە، بۇ توغرىدا مۇنداق دېگەن؛

ئۈچى يازقى يۇلدۇز، ئۈچى يايقى بىل،
ئۈچى كۈزگى يۇلدۇز، ئۈچى قىشقى بىل.

ئۈچى ئوت، ئۈچى سۇۋ، ئۈچى بولدى يەل،
ئۈچى بولدى تۇپراق، ئاجۇن بولدى ئەل.

هوت (بېلىق) ئېيى —— قىشنىڭ ئاخىرقى ئېيى؛ هەمەل (قوزا) —— باهارنىڭ باشلانغۇچ ئېيى. شۇڭا، دېھقانلار: «هوت —— كەتمەن سېپىنى تۇت»، «هەمەل كىردى —— ئەمەل كىردى» دەيدۇ. هەمەل —— قۇياشنىڭ يىللىق كۆرۈنمە هەرىكەت يولىدىكى ئون ئىككى ئۇكەكنىڭ بىرىنچىسى. قۇياشنىڭ هەمەل بۇرجىغا كىرىشى ئەتىيازغى تۇرۇم (ئېتىدال —— كۈن بىلەن تۈننىڭ تەڭلەشكەن ۋاقتى) غا توغرا كېلىدۇ. بۇرج ئەتىيازغى تۇرۇم نۇقتىسىدىن باشلىنىپ، قۇياش مەركىزىنىڭ يىللىق هەرىكىتى بىلەن ئوخشاش يۆنىلىشىنى بويلاپ، °0 — °360 غىچە ئايلىنىدۇ. ئەتىيازغى تۇرۇم نۇقتىسى °0 دىن باشلىنىدۇ. ئومۇمىي بۇرج دائىرىسى چارەك (تەربىئ —— °90)، ئۈچتىن بىر (تەسلىس —— °120)، ئالتىدىن بىر (تەسدىس —— °60) غا ئايرىلغان. °0 — °90 غىچە بولغان بۇرجنىڭ شىمالى مۇسبەت، جەنۇبى مەنپىي هېسابلانغان.

ئەسلىدە، ئەتىيازغى تۇرۇم نۇقتىسى يېڭى يىلنىڭ باشلانغان كۈنى —— نورۇز دەپ هېسابلىناتتى. شۇڭا، يىلنىڭ بىرىنچى ئېيى نورۇزدىن باشلىناتتى. شىمالىي قايتىش سىزىقى بارا ـ بارا جەنۇبقا سۈرۈلۈۋەرگەندىن

كېيىن، يىل بېشى ـــ نورۇزنىڭ مىلادىيە كالېندار ھېسابىدىكى ئايلارغا توغرا كېلىدىغان ۋاقتىمۇ كەينىگە سۈرۈلۈۋەرگەن. جۇغراپىيىشۇناس ۋە ئاسترونوملارنىڭ مۆلچەرىگە قارىغاندا، بۇ سىزىق (ئەسلى نىشان قىلىنغان دەرىجىدىن) جەنۇبقا قاراپ ھەر يىلى 13 مېتىر سۈرۈلۈۋاتقانلىقى مەلۇم. يەنى يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىشى بىلەن ئاسمان قارىسىدىكى ئايلىنىش يۈزى ئارىلىقىدىكى يانتۇلۇق ئېكۋاتور بىلەن بۇرج ئارىسىدا بۇلۇڭ ھاسىل قىلغاچقا، شىمالىي قايتىش سىزىقى ھاسىل بولىدىكەن. 1990 ـ يىلىدا، مەزكۇر سىزىقنىڭ جەنۇبقا قاراپ سۈرۈلۈۋاتقانلىقى بايقالغان. ئۆلچەش نەتىجىسىدە، باش نىشان نۇقتىسى (ئېكلىپتىكا كوئور-دىناتى) تەخمىنەن 1179 مېتىر جەنۇبقا يۆتكەلگەن (ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 90 يىل ئىچىدە ھەر يىلى 13 مېتىردىن جەنۇبقا سۈرۈلگەن).

قەدىمكى چاغلاردا، قۇياشنىڭ قوزا (ھەمەل) بۇرجىغا كىرگەن ۋاقتى 3 ـ ئاينىڭ بىرىنچى ئون كۈنىگە توغرا كەلگەن بولسا، X ئەسىردىن كېيىن 3 ـ ئاينىڭ 14 ـــ 16 ـ كۈنلىرىگە توغرا كەلگەن. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى زامانلاردا، ئون ئىككى مۇچەللىك دەۋرىي يىلنىڭ بىرىنچى يىلى (يەنى چاشقان يىلى) نىڭ بىرىنچى ئاي بىرىنچى كۈنى تەخمىنەن 2 ـ ئاينىڭ 8 ـــ 9 ـ كۈنلىرىگە توغرا كېلەتتى.

«جۇنامە» نىڭ «يات يۇرتلار» II قىسىم، «ئاگنى» (يەنجى) بابىدا، بۇلار «2 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ۋە 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىنى ئۇلۇغلايدۇ» دېيىلگەن. بۇ كۈنلەر بۇددا ـــ سىكامۇنىنىڭ تۇغۇلغان كۈنلىرى توغرىسىدىكى تەخمىن بولسا كېرەك. ئەمما «تارىخىي خاتىرىلەر» نىڭ «ھونلار تەزكىرىسى» بابىدا: 1 ـ ئايدا ئۇلۇغ ـ ئۇششاق ھەممىسى كەڭرى تەڭرىقۇت ئوردىسىنىڭ ئىبادەتخانىسى ئالدىغا يىغىلىدۇ، دېيىلگىنىگە قارىغاندا، ئەتىيازغى تۇرۇمغا توغرىلانغان «يىل بېشى» » نىڭ ۋاقتى بارغانچە كەينىگە سۈرۈلۈپ كەلگەنلىكى مەلۇم.

ھازىرقى ئاسترونومىيىلىك ۋاقىت ھېسابى بويىچە، ئەتىيازغى تۇرۇم ـــ نورۇز ھەر يىلى تەخمىنەن 3 ـ ئاينىڭ 20 ـــ 22 ـ كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، قۇياش بۇرجىنىڭ $0°$ (ئەتىيازلىق تۇرۇم نۇقتىسى)

غا يەتكەن چاغقا توغرا كېلىدۇ.

خەنزۇ ۋە باشقا شەرقىي ئاسىيا خەلقلىرىدە بولسا، نورۇز (باھار بايرىمى، چاغان)، يىلنىڭ 1 ـ ئاي ئوتتۇرىلىرىدىن 2 ـ ئاي ئوتتۇرىدىكى 30 كۈندىن ھەر ئون كۈننى بىرلىك قىلىپ، شۇ كۈنلەرنىڭ باشلانغان ۋاقتىغا توغرىلانغان. باھار بايرىمى ـــ باھارنىڭ باشلانمىسى. بۈگۈنكى كۈندە شيا كالېندارى بويىچە نورۇز، يەنى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، يېڭى ئاي تۇغۇلغان كۈنى شيا كالېندارىدا ھەر ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ھېسابلىنىدۇ. ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن، چوڭ ئاي 30 كۈن، كىچىك ئاي 29 كۈندىن بولۇپ، ئاددىي يىل 12 ئاي 354 ياكى 355 كۈن كېلىدۇ، شۇڭا، ئورتاق يىل ھېسابىدىن 10 كۈن 21 سائەت كەم بولغاچقا، ھەر ئۈچ يىلدا بىر كەبىسە، بەش يىلدا يەنە بىر كەبىسە، 19 يىلدا 7 كەبىسە كەلتۈرۈلۈپ، كەبىسە يىلى 13 ئاي ھېسابلىنىدۇ. شۇ يول بىلەن باھار بايرىمى قىشقى تۇرۇمدىن كېيىنكى ئىككىنچى ئاي (بۈگۈنكى كۈندە شيا كالېندارى بويىچە 1 ـ ئاي) غا توغرا كېلىدۇ. قەدىمكى كالېندارلاردا، چاشقان، ئۇي، يولۋاس ـــ ئۈچ ئاينىڭ ئاي تۇغقان چېغى يىل بېشى قىلىنغان. بۇ يەردىكى چاغ ـــ قۇتۇپ يۇلتۇزى كۆرسەتكەن چاغ بولۇپ، چاشقان ئېيىدىن توڭگۇز ئېيىغىچە ھەر ئايدا بىر چاغ (ئىككى سائەت ـــ 7 ـــ 9 غىچە) سۈرۈلۈپ تۇرىدۇ.

# نورۇز ـ قۇتلۇق بايرام

نورۇز ـــ باھار بايرىمى؛ ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى ئاغۇنلىرىمىزدىن[1] باشلىنىپ، بوغۇنمۇ بوغۇن داۋام قىلىپ كەلگەن ئەنئەنىۋى بايرام. شۇڭا، ئۇ يېشىللىق تەنتەنىسى ۋە ئاغۇنلار يادنامىسى. نورۇز پەيتىدە، قەدىمكى ئاغۇنلىرىمىز ئۆز قوشاقلىرىدا تەسۋىرلىگەن كۆركلۈك ـ مەنزىرە گەۋدىلەندۇ. بۇنىڭغا «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا كىرگۈزۈلگەن قەدىمكى خەلق قوشاقلىرىدىن مىسال كەلتۈرىمىز:

تۈرلۈگ چېچەك يېزىلدى،
بارچىن يېيىم كېرىلدى؛
ئۇجماق يېرى كۆرۈلدى،
تۇملۇغ يانا كەلگۈسىز.

قار ـ مۇز قاموغ ئېرىشدى،
تاغلار سۈيى ئېقىشدى؛
كۆكشىن بۇلۇت ئۆرۈشدى،
قېيىق بولۇپ ئەگرىشۈر.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ «يارۇق ياز ـــ ئەتىياز پەسلى» نى مۇنداق تەرىپلىگەن:

---

[1] ئاغۇن ـــ قەدىمكى زاماندا «ئەجداد»، بىلىم ئىگىسى، ئۇستاز دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆز.

تۇغاردىن ئېسە كەلدى باھار يەلى،
ئاچۇن بېزەشكە ئاشتى جەننەت يولى.

ياشىق ياندى بولغاي يانا ئورنىغا،
بالىق قۇيرۇقىدىن قوزى بۇرنىغا.

يازىق، تاغ، قىر، ئورمان تۆشەندى يىپىپ،
تۈزەندى قولى، قاشى كۆك ـ ئال كىيىپ.

شۇنىڭدەك، XIII ئەسىردە ياشىغان ئەدىب نەسىرىددىن رابغۇزى كۆكـلەم پەيتىنى «باھارىيات» غەزەلىدە مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

كۈن ھەمەلگە كىردى ئەرسە كەلدى ئالەم نەۋرۇزى،
كەچتى بەھمەن زەمھەرىر قىش قالمادى قارى ـ بۇزى.

كۈن كېلەر مىڭ كۆركى ئارتىپ، تىرىلۇر ئۆلمىش جاھان،
تاڭ بەدىزلەپ نەقشى بىرلە بېزەنۇر بۇ يەر يۈزى.

تاڭ ئاتاردا تۆرت سەرىدىن ئەسنەيۈر بادى سەبا،
كىك تۈزەر كىندىك يىپارتەك يىدلانۇر يابان ـ يازى.

تەرلىگى ئەپكۈن ـ ياغىزدىن، ئويۇغى ياشىل ـ قىزىل،
ئاراسى پۈتاق ـ ياپۇرغاق، ئال چېچەكلەر تۈپ ـ تۈزى.

ئۆرلەسە يىغلاپ بۇلۇتلار، گۈل چىقار بوستانۇ باغ،
تال ـ يىغاچلار يەڭ سالىشۇر، ئويىنايۇر بەك، باي ـ قىزى.

كىرشەنى، قىرقانى ئەگىلىك ياقسا تاغلار سۆرەتى،
تونلۇغى تانسۇق تاۋاردىن رۇم، خىتاي ئەتلەس ـ چۇزى.

لالە ساغراقىن ئىچەردە سايرار ئۇسرۇپ ساندۇۋاچ،
تۇرنا ئۇن تارتىپ ئۆتەردە سەكرەشۇر پاقلان قوزى.

كۆكدە ئويناپ قول سالىشۇر قوغۇ، قاز، قىل، قارلۇغاچ،
يەردە يۇگرۇپ جۇفت ئالىشۇر ئاس، تىيىن، كىش، قۇندۇزى.

نەي شىكەرلەر مىنبەرىندە تۇتى قۇش مەجلىس تۇتار،
قۇمرى، بۇلبۇل مۇقرى بولۇپ ئۇن تۇزەر تۇن ـ كۇندۇزى.

بىر ياغىز يەر كۆك مەڭىزلىك ياشنايۇر مەيدان بولۇپ؛
ئوغراشۇر ئايتەك چېچەكلەر تەگرەسىدە يۇلدۇزى.

هۇرى ئىين ئۇجماق ئىچىندە يەڭ سالىپ تەهسىن قىلۇر،
ياز ئۇزە مۇنداق غەزەلنى ئايدى ناسىر رابغۇزى.

XIV ئەسىردە ئۆتكەن شائىر ئەتائىي نورۇز پەيتىنى مۇنداق تەسۋىرلە-
گەن:

ساقىيا، كەلتۇر مەيى گۇلگۇنكى خۇش دەمدۇر بۇ كۇن،
ئالەمى فەرخۇندەئى نەۋرۇزى ئالەمدۇر بۇ كۇن...

قامەتى گۇلبۇن چىمەنلەر سەهنىدە تەزىم ئۇچۇن،
ساقىيى گۇلرۇخ بىكىن سەرۋ ئالدىدا هەمدۇر بۇ كۇن.

يەر يۇزىندە گۇلشەنۇ باغۇ باهارۇ باغچە،
گۇلبەزى خەزرا مەڭىزلىك سەبزۇ خۇررەمدۇر بۇ كۇن.

هەر كىشىگەكىم مۇيەسسەردۇر پەرىۋەش يار ئىلە،
جۇرئەئى نۇش ئەيلەمەك ھاشاكى ئادەمدۇر بۇ كۈن.

كىمگەكىم بولسا ساپالى بىرلە مەيدىن جۇرئەئى،
ئۆشبۇ توققۇز شىشەدىن كۆڭلىگە نە غەمدۇر بۇ كۈن.

سەلسەبىلۇ كەۋسەرۇ مائى مەيىن كەلتۈرسەلەر،
جامى مەي مەجلىسدە بارچەدىن مۇقەددەمدۇر بۇ كۈن.

كەل دەمى مەيخانەنىڭ بەيتۇل ـ ھىرامىن قىل تەۋاف
كىم، سەنەملەر لەئلىدىن مەي ئابى زەمزەمدۇر بۇ كۈن،

ئەي ئەتائىي، بولما غافىل، بىر نەفەس ھەمدەم تىلە،
ئۆمرنى ھەمدەم كەچۇرمەكلىك بەسى كەمدۇر بۇ كۈن.

ئەلىشىر نەۋائىيمۇ دىۋانلىرىدا، نورۇزنى خۇشاللىق بايرىمى، تۈن ـ كۈننىڭ تەڭلىشىدىغان پەيتى دەپ، يارنىڭ ھەر كۈنى نورۇز بولۇشىنى تىلەپ يازغان غەزەللىرى كۆپ. شۇلاردىن بىرقانچە بېيتنى مىسال قىلىمىز:

مۇۋافىق كىيدىلەر بولمىش مەگەر نەۋرۇز ئىلە بەيرەم،
چېمەن سەرۋى ياشىل خىلئەت مېنىڭ سەرۋى رەۋانىم ھەم.
(«فەۋائىدۇل كىبەر»)

ۋەسل ئارا، كۆردۈم، تەڭ ئىمىش بوييۇ ساچى،
تۈن ـ كۈن تەڭ ئىكەن زاھىر ئۇلۇر بولدى چۇ نەۋرۇز.

※ ※

ئەي يۈزۈڭ باغى نەسىمىدە ھەۋايى نەۋرۇز،
لەئلى تاجىڭ بولۇپ ئۇل باغدا بوستان ئەفرۇز.

زۇلفۇ رۇخسار ئىلە كامىمغا مېنى يەتكۈزسەڭ،
ھەر تۈنۈڭ قەدر ئولۇبان، ھەر كۈنۈڭ ئولسۇن نەۋرۇز.

(«بەدايىئۇل ۋەسەت»)

نورۇز ـــ يالغۇز دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭلا بايرىمى ئەمەس، بەلكى ئومۇمىي خەلق بايرىمى. خەلقنىڭ قىش ـ زىمىستاندىن ئامان چىقىپ، ئىللىق ئاپتاپنى ئارزۇلىغان خۇشاللىقىنى ئىپادىلەيدىغان، ئۆزلىرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن زېمىنلىرىنىڭ كۆركىگە بولغان مۇھەببىتىنى، ھەربىر كەسىپ ئىگىلىرىنىڭ ئۆز كەسىپ ـ كارلىرىنى راۋاج تاپقۇزۇشقا بولغان ئىجتىھاد ـ ئىنتىلىشلىرىنى، ئۆزئارا ھىممىتى ـ ساخاۋىتىنى، ئىتتىپاق ـ ئىناقلىقىنى، بەختلىك ئەتكە بولغان ئۈمىدۋارلىقىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئەمگەك بايرىمىدۇر.

## نورۇزنىڭ خاسىيەتلىرى

خەلقىمىز نورۇزنى قۇتلۇق ـ خاسىيەتلىك بايرام دەپ بىلىدۇ. نورۇز ئالدىدا ۋە مەزگىلىدە، ھەرقانداق كىشى ياخشى ـ ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىشقا ئۆزلىرى تىرىشىدۇ ۋە ئۆزگىنى رىغبەتلەندۈرىدۇ. ئۆتمۈشتىكى ئاغۇنلىرىمىز نورۇزنى خاسىيەتلىك دېگەن چۈشەنچىسى بويىچە، كىمىكى يىل بېشىدا، يەنى نورۇز ئەييامىدا ساۋابلىق ئىش قىلسا، شۇ كىشىگە يىل بويى ياخشىلىق نېسىپ بولىدۇ دەپ بىلەتتى. شۇڭا، قەدىم زاماندىن

تارتىپ، كىشىلەر يىلىنىڭ ئامان ـ ئېسەن ۋە مەنپەئەتلىك بولۇپ ئۆتۈشىنى ئارزۇلاپ، نورۇزغا ئاتاپ، ھەرخىل ساۋابلىق ئىشلارنى قىلىش ئومۇمى ئادەتكە ئايلانغان. مەسىلەن، ئومۇمى جامائەت ئۈچۈن پاراۋانلىق ئىشلارنى قىلىش (مەكتەپ سېلىش، يول ـ كۆۋرۈك ياساش ۋ.ب)، مۇقەددەس كىتابلارنى كۆچۈرۈش ياكى كۆچۈرگۈزۈش، ئىبادەت ئورۇنلىرىغا قىممەتـ لىك كىتاب ياكى يەر ـ مال ۋەخپە قىلىش ئەنە شۇنداق چوڭ ساۋابلىق ئىشلار جۈملىسىدىن ئىدى.

X ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، توخرى (كۇچا ـ ئاگنى) تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «مايترى سىمىت» نومىنى تەگرى بۆگۈ ئىل بىلگە ئارسلان ئىدىقۇت زامانىدا (تەخمىنەن X ئەسىردە) يۇقىرى مەنسەپ تۇتقان چۇتاش يىگەن تۇتۇڭ كۆچۈرگۈزگەن. شۇ كىتابتا «يوكۈنچ بۆلۈم» نىڭ ئاخىرقى ۋارىقىغا مۇنداق دەپ يازدۇرغان:

«يانا، ئالقىشقا ئەرزىيدىغان ئايغا، ئارزۇلىغان كۈنگە، تاللانغان ئەزگۈ چاغقا، قۇتلۇق ـ خەيرلىك ۋاقىتقا، قۇتلۇق قوي يىلى، ژۇن ئۈچىنچى ئاينىڭ يىگىرمە ئىككىنچى كۈنگە توغرىلاپ، مەن ــــ ئۈچ ئەردەنىگە ئېتىقادچان كۆڭۈللۈك ئۇپاسى چۇتاش يىگەن تۇتۇڭ كىشىم (ئايالىم) تۈزۈن بىلەن بىللە، كېيىن كېلىدىغان مايترى بۇرخانغا ئۇچرىشايلى دەپ، بىر دانە مايترى ھەيكىلىنى بېزەتتۇق (ياساتتۇق)، بىر پارچە مايترى سىمىت نومىنى كۆچۈرگۈزدۇق.»

ئىسلام دىنى قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىنمۇ بۇ ئادەت داۋاملىشىۋەرگەن. XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ۋە XIV ئەسىرنىڭ بېشىدا ياشىغان ئەدىب ــــ نەسىرىدىن رابغۇزى ئۆز ئەسەرى ــــ «قىسسەئى رابغۇزى» (ياكى «قىسـ سەسۇل ـ ئەنبىيا» نى ئاشۇ قۇتلۇق كۈندە پۈتتۈرگەنلىكىنى قەيت قىلغان:

«ئۇش تۈگەتتىم بۇ كىتابنى، ئەي يارانلار، ئەر يۈزى،
بىر يىل ئىچرە كەچتى ئانىڭ ياي، قىشى، يازۇ كۈزى.

يەتتە يۈز ئون ئەردى يىلغا كىم بىتىلدى بۇ كىتاب،
تۈگەمىش ئەردى ئول ئۇغۇردا، ھوت ــ سائادەت يۇلتۇزى».

(ھىجرى 710 ــ يىلــى ھوت يۇلتــۇزى تۇغــۇلغان كۈنى مىلادىيە 1311 ــ يىلى مارت ئاخىرىغا، يەنى نورۇز پەيتىگە توغرا كېلىدۇ.)

XIV ئەسىردە تۇغۇلغان ئۇلۇغ شائىرىمىز لۇتفى ئەنە شۇ نورۇزنى نىشانلاپ، «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانىنى يازغان:

«يېڭى يىلنىڭ باشىدا روزى نەۋرۇز،
سەدەفدىن چىقدى بىر دۇررى ئەفرۇز...

چۇ نەۋرۇز بولدى نەۋرۇز ئىچرە پىرۇز،
ئاتادى ئوغلىنىڭ ئاتىنى نەۋرۇز».

XV ئەسىردە ئۆتكەن شائىر يۈسۈف ئەمىرىي «دەھنامە» ئەسىرىدە مۇنداق يازغان:

«يارىپ بۇلبۇلنى قىلغىل مەجلىس ئەفرۇز،
دېگىن: ئاھەڭ تۈزەكىم بولدى نەۋرۇز.

ئادەتتە، نورۇز ئەييامىدا تۇغۇلغان بالىلارغا قۇتلۇق كۈننىڭ ئاتلىرى ياكى قۇتلۇق كۈنگە مۇناسىپ چاغ، گۈل ــ گىياھ ناملىرى قويۇلاتتى. مەسىلەن، ئوغۇل بالىلارغا «نورۇز»، «نۇر»، «قۇتلۇق»، قىز بالىلارغا «نۇرئەلانۇر» ياكى كۆپىنچە ئەتىياز پەسلىنىڭ كۆركىدىن ئېلىپ گۈل ــ چېچەك ئاتلىرى ۋە «چىمەن»، «بوستان»، «باھار» دېگەندەك ئىسىملار قويۇلاتتى.

بۇ قۇتلۇق كۈنلەردە، كىشىلەر ئۆزلىرى ساۋابلىق ئۇچۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىش بىلەن بىللە بىر ــ بىرىگە ياخشىلىق تىلەيتتى. ئۆزئارا يوقلاشقانلىرىدا، سەير ــ تاماشالاردا، مەشرەپ ــ سورۇنلاردا، نورۇز ئېشى

يېگەنلىرىدە، ئامانلىق ـ ياخشىلىق تىلىگەن بېيىت ـ قوشاقلارنى ئېيتىشاتتى:

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم،
سىزگە بولسۇن قۇتلۇق كۈن.
پەسلى جاھان ھوت كەلدى،
جۇتلار ئۆتۈپ قۇت كەلدى.
نورۇز كەلدى نۇر بولدى،
ھەممە جانلىق ھۆر بولدى.
ھەي خالايىق شادلىنىڭ،
كەسىپ ـ كارغا ئاتلىنىڭ.
ھەممەلدە بىلىپ ھەپتىنى،
تۇتۇپ نورۇز پەيتىنى.
ئەمىلىڭ بولسۇن ساۋاب،
ئەجدادنى قىلغىل تاۋاپ.
دېھقان دەرھال كەتمەن ئال،
يەرگە ساپان، ئۇرەن سال.
چەش دۆۋىلەنسۇن خامانغا،
بۇغداي تولسۇن باداڭغا.
باغۋەن بولساڭ باغ ـ راغ قىل،
باغدىن رىزقىڭنى تاغ قىل.
مالچى كۆپلەپ تۆل بولسۇن،
سۈت ـ قايمىقىڭ مول بولسۇن.
بابكار بولساڭ يىپ ئۇلغا،
بۆز ـ چەكمەننى خوپ تولغا.
تۆمۈرچى تاۋلا كەتمەننى،
تاپ ھۈنەرگە زوقمەننى.

ماشىنىچى راستچىل بول،
ھۈنىرىڭدە ئەپچىل بول.
موزدۇز تارتقىل بىخىنى،
خۇدا بەرسۇن سىخىنى.
ئاشپەز بولساڭ تەملىك قول،
غەللىدە بولۇر كۆپ پۇل.
زەرگەر كۆرسەت ھۈنەرنى،
قىتىش قىلما مىس ــ زەرنى.
تىجارەتچى سەپەر قىل،
ھارام مالدىن ھەزەر قىل.
تامچى ــ خارەت بىنا قىل،
ئەلگە ئوبدان پاناھ قىل.
موللا بولساڭ ئوقۇپ يە،
نەسىھەتنى ئۇقۇپ يە.
قازى ــ مۇپتى ھەق سۆزلە،
شەرىئەتتىن نەق سۆزلە.
ھاكىم بولغىل دادىخاھ،
ئەلگە دائىم خەيرخاھ.
ئۆم بولايلى خالايىق،
قىلمايلى ئىش نالايىق.
يۇرتىمىز بولغاي ئاۋات،
مەئىشەت توق، كۆڭۈل شاد.
ئەل ــ كۈن ھامان ئامان بول،
ئامان بول، ئامان بول.

نورۇز مەزگىلىدە، ئۇستىكارلار كۆزى پىشقان ۋە قولى چىۋەر شاگىرتلىرىغا ھۈنىرىنىڭ يېڭى بىر ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ قوياتتى. مەدرىسە-مەكتەپلەردە مولللار تالىپلىرىغا نورۇزنامە يېزىپ بېرەتتى ياكى يازدۇراتتى.

نورۇزنامىلەر مۇنداق باشلىناتتى:

كەلدى نورۇز ئەيش بۇنياد ئەتكىلى،
بارچە ئادەم كۆڭلىنى ياد ئەتكىلى.

قىز ـ ئوغۇل موللاسىدىن ئېلىپ دۇئا،
مۇشكۇلاتتىن ئۆزىنى كۇشاد ئەتكىلى.

ئوقۇ، ئىلمى تالىپ بول ھەق يولىدا،
جاھالەتتىن ئەلنى ئازاد ئەتكىلى.

ئەل ئىچىدە بولسۇن ئېرپان ـ مەرىپەت،
ئۆم بولايلى يۇرتنى ئىجاد ئەتكىلى...

## نورۇزنىڭ رەسمىيەتلىرى

نورۇز كۈنلىرى ھەرخىل سورۇنلار تۈزۈلۈپ، ئومۇمىي خەلق سەيلىسى بولىدۇ. بۇنىڭ شەكىللىرى ناھايىتى تولا. بۇلار يىغىشتۇرۇلۇپ «توققۇز توقۇ» («توققۇز مەرىكە ـ مۇراسىم») دېيىلگەن.

**1. نورۇز ناغرىسى**

نورۇز باشلىنىش ھارپىسىدا، بالىق ـ كەنت، قىر ـ يېزىلاردا، نورۇز بايرىمى كەلگەنلىكىنى ئاڭلىتىپ، ناغرا ـ سۇناي چېلىناتتى. ئەل ـ يۇرت نورۇزغا جابدۇناتتى، تەنتەنىلىك ھېيت ـ بايرام تۈسىنى ئالاتتى.

**2. نورۇز تازىلىقى**

نورۇز ئالدىدا باشلىنىدىغان «ئارىغ توقۇ» (ئېرىغدىلىنىش ـــ تازىلىق ھەرىكىتى) ھارپا كۈنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلەتتى: ئېرىق ـ ئۆستەڭ، كۆللەرنى تازىلاش، ئېغىل ـ ئارانلارنى ئېرىغداش، كوزا ـ ئىدىشلىرىنى ئوبدان تازىلاپ، تازا باھار سۈيىــى بىــلەن توشــقۇزۇش، ھويلا ئارام،

يول ـ خامانلارنى سيرىپ ـ سۈپۈرۈش (ۋ.ب).

**3 . سوغۇق قوغلاش**

هارپا ئاخشىمى يىگىتلەر توپ ـ توپ بولۇشۇپ، ساغانغۇ (ياغ قاچىلاپ، پىلىك چىقىرىلغان قاپاق) كۆيدۈرۈپ، يۇرت ـ مەھەللىدىن چىققىنىچە، قىر ـ سەھراغا يۈزلىنىپ، سوغۇق قوغلايدۇ. سوغۇقنى ھەجۋى قىلىپ قوشاق ـ بېيت ئېيتىشىدۇ. نورۇزغا بېغىشلانغان ئۇلەن كۈيلەيدۇ. گۈلخان يېقىپ، ئەتراپىدا قويۇن ئۇسۇلى ئويناپ چۆرگىلەيدۇ. بۇنىڭدا، بىر ـ بىرىگە تەگكەش قىلىنغان توققۇز داپ چېلىنىدۇ، قىزىقچىلىق قىلىشىدۇ، باھار قۇشلىرىنى دورايدۇ. تاڭ ئاتاردا، سوغۇق قوغلىغۇچىلار يۇرت ـ مەھەللىگە يانغانلىرىدا، ھەربىر ئۆيلۈك ئۆز ھالىغا يارىشا ھەر خىل غىزالارنى ئېتىپ، ئۆيلىرى ئالدىدا شىرەگە تىزىپ، ئۇلارنى كۈتۈۋالىدۇ. بۇ سوغۇق قوغلىغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ھاردۇق ئېشى دېيىلىدۇ.

نورۇز ھارپىسى سوغۇقنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن، سوغۇق يېمەكلىكلەر يېيىلەتتى. بۇنداق يوسۇننى «قاگسىق» دەيتتى. ھازىرقى كۈندە بىرەر يېمەكلىك ئېغىزغا تېتىمىسا ياكى سەل قىرتاق بولۇپ قالسا، «قاگسىق» دېيىلىدۇ. دېمەك، بالدۇرقى چاغلاردا، قىش ئۇزۇقىدىن قالغان نەرسىلەر، يەنى سوغۇق يېمەكلىكلەر «قاگسىق» دېيىلگەن.

**4 . يوقلاش**

نورۇز كۈنى چۈشكىچە يوقلاش پائالىيىتى بولىدۇ: ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتكەن پەرزەنتلەر ئاتا ـ ئانىلىرىنى يوقلاش؛ قەبرە يوقلاش (سىرىپ ـ سۈپۈرۈپ، بەلگىلىرىنى ئوڭشاش، دۇئا قىلىش)؛ ئىگە ـ چاقىسىز قېرى ـ چۈرى، يېتىم ـ يېسىر، مېيىپلارنى يوقلاش (ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن كۆمەكلىشىش).

**5 . نورۇز ئېشى**

نورۇز كۈنلىرىدە، قۇربى يەتكەن ئائىلىلەردە قۇتلۇق كۈننى ئىپادىلەپ، «ق» تاۋۇشى بىلەن باشلانغان يەتتە خىل (ئىسلام دىنىغا كىرىشتىن ئىلگىرى توققۇز خىل) يېمەكلىك تەييارلايدۇ. مەسىلەن، قايماق، قېتىق، قۇرت، قۇيماق، قاتلىما، قۇيرۇق ـ بېغىر، قوزا گۆشى (تونۇر كاۋاب ياكى

قورداق) دېگەندەك. بۇنداق غىزالارنى تەييارلاش بىلەن نورۇز باشلانغان يىگى يىلدا «توقۇزى تەل» بولۇشنى تىلەيتتى ياكى بولمىسا، «س» تاۋۇشى بىلەن باشلانغان خېرىتلاردىن، مەسىلەن، سىراق ـ باش (كاللا ـ پاقالچاق)، سۈت، سېرىق ياغ، سۇ يېغى، سۆك ـ تېرىق، ساغۇن، سىركە، سامساق قاتارلىق نەرسىلەردىن ئۆز خۇرۇچىغا لايىق ھەر خىل غىزالارنى تەييارلايتتى. نورۇز ئېشىنى «تۇتماچ» دەيتتى، يەنى «بۇ يىل بىزنى تۇتما ئاچ (ئاچ تۇتما)» دەپ تەگرىدىن ئۈمىد كۈتۈپ، يىل بويى ساغلام ـ توق بولۇشنى تىلەيتتى.

نورۇزلۇق ئاشلاردىن بىر خىلى ــــ «ھېلىسە» (ئېھتىمال «ھېلى يېسە»دىن ئىخچاملانغان بولۇشى مۇمكىن). بۇ ئاش مۇنداق ئېتىلەتتى: كالا ـ قوي گۆشلىرىنى (قۇيرۇقلىرى بىلەنلا) داشقا سېلىپ، بۇغداي يارمىسى قوشۇلاتتى. قازاننىڭ تېگىگە ئولتۇرۇپ قالمىسۇن دەپ، قازانغا مۇشتتەك تاشلار سېلىناتتى.

يەنە بىر خىل ئاش ــــ سۇمۇلەك، ھەرخىل دانلار (بولۇپمۇ بۇغداي مايسىلىرى) بىلەن ئېتىلەتتى. توققۇز خىل دان ۋە قوشۇمچە چامغۇر، ھەر خىل تۇرۇپ بىلەن تەييارلىناتتى.

**6 . نورۇز سەيلىسى**

نورۇز باشلانغان كۈنى يوقلاش توقۇسنى ئاساسەن ئورۇنداپ بو-لۇپ، چۈشتىن كېيىن ئۇلۇغ ـ ئۇششاق ھەممەيلەن خامانغا، بوستانغا چىقىپ، سەيلە ـ تاماشا قىلاتتى. يىگىت ـ قىزلار ئۆزئارا ياكى ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى تەرەپ بولۇپ قوشاق يارىشى ئۆتكۈزەتتى. قوشاقتا ئۇتتۇرۇپ قويغانلار جازالىناتتى يەنى ناخشا ياكى لەتىپە ئېيتىپ بېرىش، ئۇسسۇل ئويناش، دوراش ۋە باشقا ھەرىكەتلەرنى ئورۇنداشقا مەجبۇر ئىدى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، ئۇتتۇرغان تەرەپ ئۇتقۇچى تەرەپكە شۇ ئاخشىمى بەزمە ئۆتكۈزۈپ بېرەتتى.

قىز ـ چوكانلار بوستان ـ چىمەنلەردە، «ئۇچار تىلگەن» (چاقى پىلەك)، يالگۇ (يالگۇچ ــــ ئىلەڭگۈچ)، تەپۈك (تەپكۈچ)، ئوقتاش، ئاتلامچۇق، ئوردىكام (ياڭاق تاشلاش)، «كۈچۈك يەتسە ئال» ياكى

«قارا ــ قارا قۇشناچىم»، مۆكۈشمەك قاتارلىق ئويۇنلارنى ئوينايتتى.
ئوغۇل بالىلار نورۇز ئاخشىمى «باندال» ئويناپ، «سوغۇقنىڭ چۈپ-رەندىلىرى» نى قوغلايتتى (باندال ــــ تارغاق سۆگەك ياكى تارغاقتا ئوخشاش تارىشا ئۇچىغا ئوت يېقىپ، كېچىسى بىر ــ بىرىگە ئېتىشىپ ئوينايدىغان ئويۇن).

**7 . نورۇز يارىشى**

نورۇزنىڭ ياندۇرقى كۈنى «يارىش» (مۇسابىقە) ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇ ئاساسەن تەنھەرىكەت ئىدى. مەسىلەن، چېلىش، بەيگە، ئوغلاق تارتىشىش، دارۋازلىق، قوچقار سوقۇشتۇرۇش، خوراز ۋە كەكلىك سوقۇشتۇرۇش، يۈگۈرۈش، سەكرەش، سالغۇ تاشلاش، ئوقيا ئېتىش ۋە باشقىلار.

**8 . نورۇز مەشرىپى**

نورۇزنىڭ ئۈچىنچى كۈنى يۇرت ــ مەھەللە بويىچە چوڭ مەشرەپ ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇنداق مەشرەپنى يۇرتنىڭ چوڭلىرى ئۆتكۈزۈپ بېرەتتى ياكى ئەھلىمەھەللە قۇربى يەتكىنىچە، يىغىش قىلىپ (ھەركىم ئۆز ھالىغا يارىشا، قوي، توپاق، توخۇ، ئۇن ــ گۈرۈچ، نان، ياغ، كۆكتات، قەنت ــ گېزەك قاتارلىق نەرسىلەرنى ئەكېلىپ) داستىخان تەييارلايتتى. مەشرەپ ناھايىتى تەرتىپلىك، كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈلەتتى. مەشرەپنىڭ ئۆزى بىر مەكتەپ ئىدى. شۇڭا كونىلار: «بالاڭنى مەكتەپكە بەر، مەكتەپ بولمىسا مەشرەپكە بەر» ياكى يۈرۈش ــ تۇرۇش، ئەدەپ ــ سۈلكەتنى بىلمەيدىغان كىشىلەرنى «مەشرەپ كۆرمىگەن» دەيتتى.

**9 . نورۇزلۇق تىلەك**

نورۇزنىڭ 4 ــ كۈنى ئەھلىمەھەللە ئاخۇن ــ موللىلارنىڭ باشچىلىقىدا «زىرائىخەتمە» ئۆتكۈزۈلەتتى. خەتمە ئەسلىدە قۇرئاننى باشتىن ئوقۇپ تاماملاش مەنىسىنى بىلدۈرەتتى. بارا ــ بارا، ئومۇمەن دۇئا ــ تىلاۋەت ئۆتكۈزۈشنىمۇ «خەتمە» دەيدىغان بولغان. بۇ پائالىيەتتە، نورۇزنىڭ ياخشى باشلىنىپ، مۇراسىمنىڭ شاد ــ خۇراملىق بىلەن ئۆتكۈزۈلگەنلىكىگە ۋە ئۆتكەن يىلقى نېمەتلەرگە شۈكۈرانە بىلدۈرۈش، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ يىلنىڭ ئامان ــ ئېسەن، توقچىلىق بىلەن ئۆتۈشىنى، يەنى

زىرائەت ـ ئېكىنچىلىكنىڭ مول ھوسۇللۇق بولۇشىنى تىلەش يۈزىسىدىن كوللېكتىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىناتتى. قۇرئان سۈرىلىرىدىن بىرەرنى قىرائەت قىلغاندىن كېيىن مۇناجات ئوقۇلاتتى. ئاندىن تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ بولماسلىقى، ھۆل ـ يېغىننىڭ مۇۋاپىق بولۇشىنى تىلەپ دۇئا قىلىناتتى.

نورۇزنىڭ يەنە بىر مۇھىم خاسىيىتى شۇكى، بۇ ـــ بىرلىك ـ ئىناقلىق بايرىمى ئىدى. ئۆچ ـ ئاداۋەتلىكلەر، جۇملىدىن ئارىسىغا سوغۇق-چىلىق چۈشكەن ئەر ـ خوتۇنلار «ئۆتكەنگە سالاۋات» قىلىپ، قايتىدىن يارىشاتتى ياكى ياراشتۇرۇلاتتى. بۇ كۆپىنچە، يوقلاش پائالىيىتىدە ياكى مەشرەپ ـ سەيلىلەردە، ياكى بولمىسا، «زىرائەتخەتمە» ۋاقتىدا چوقۇم ئادا قىلىناتتى.

نورۇز ـــ ئەنئەنىۋى مىللىي بايرام، ئەمگەك بايرىمى، دوستلۇق ـــ ئىناقلىق بايرىمى، ساۋابلىق بايرىمى، ئامانلىق بايرىمى، شادلىق بايرىمى، شۇڭا بۇ بايرام قۇتلۇق بايرامدۇر.

# ۋاقىت ھېسابى

ناھايىتى ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى ئىنسانلار ھاياتلىق ئۈچۈن، تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن تۈرلۈك چۈشەنچىلەرنى ھاسىل قىلغىنىدەك، ۋاقىت توغرىسىدىمۇ مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولغان. ئاۋۋال، «يىل بېشى» نى ئېنىقلىۋالغان. لېكىن يىللارنى قانداق ھېسابلاشنى بىلىپ كېتەلمىگەن، ھەممە قوۋملەر دېگۈدەك ۋاقىتنى، بولۇپمۇ يىل ــ ئايلارنى توغرا ھېسابلاشنى بىلمىگەن. ئالىملارنىڭ تەخمىن قىلىشىچە، دۇنيانىڭ جاي ــ جايلىرىدا ياشىغۇچى قوۋملەر، يىل ھېسابىغا قارىغاندا، ئاي ھېسابىنى بالدۇرراق ئۆزلەشتۈرگەن.

ئالدى بىلەن، بىزنىڭ ئاتا ــ بوۋىلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىغا باغلىق ھالدا، ياز بىلەن ئايازنى ئايرىپ چىققان. «ياز» ئەسلىدە «ياي» بولۇپ، تەبىئەتنىڭ ھەممە جان ــ جانىۋارلىرى يايلايدىغان ــ يايرايدىغان توقچىلىق ۋاقتى؛ «ئاياز» بولسا، «ياي» نىڭ ئەكسىچە، ھەممە جان ــ جانىۋارلار ئۆزلىرىنى ئايايدىغان، ئاسرايدىغان ۋاقتى؛ ئوزۇق ــ تۈلۈك تەڭ قىسچىلىق ۋاقتى. كېيىنچە، «ئاياز» سۆزى يېزىق ئەدەبىياتىدىلا قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا كۆپىنچە «قىس» («قىسچىلىق» سۆزىنىڭ تومۇرى) قوللىنىلىدىغان بولغان. تۈركىي تىلدا «ز» بىلەن «ي» ۋە «ز» بىلەن «س»، شۇنىڭدەك «س» بىلەن «ش» ئالمىشىپ تۇرىدىغان تاۋۇشلاردۇر. بىزنىڭ تىلىمىزدا، «قىش» سۆزى بارا ــ بارا «قىس» قا ئۆزگەرگەن. مەھمۇت كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «ياي» نى «رەبىئ» ــ باھار)، «ياز» نى («سەيف») دەپ ئىزاھلىغان.

دېمەك، ئاتا ــ بوۋىلىرىمىز «يىل بېشى» بىر ياز ۋە بىر ئاياز ئۆتكەندە قايتىلىنىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئوت ــ گىياھلارنىڭ ئۈنۈش ــ

كۆكلەش، باراقسان بولۇپ چېچەكلەش، مېۋىلەش، دان تۇتۇش، خازاڭ بولۇش ۋە چارۋا ماللارنىڭ تۆللەش، ئەھياغا كىرىش، ئۆسۈش، سەمرىش قاتارلىق ۋاقىتقا باغلىق قانۇنىيەتلىرىنى چۈشەنگەن. شۇنىڭ بىلەن ياز بىلەن ئايازنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ تۆت ۋاقىتقا بۆلگەن. مەھمۇت كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا چۈشەندۈرگىنىدەك: «... تۈركلەر يىلنى تۆت پەسىلگە بۆلۈپ ھەر ئۈچ ئاينى بىر نام بىلەن ئاتايدۇ. يىلنىڭ ئۆتۈشىنى شۇ يول بىلەن بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، نورۇزدىن كېيىنكى تۇنجى باھار ئېيىنى «ئوغلاق ئاي» دەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئاينى «ئۇلۇغ ئوغلاق ئاي» دەيدۇ، چۈنكى بۇ ئايدا ئوغلاق چوڭ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئاينى «ئۇلۇغ ئاي» دەيدۇ، چۈنكى بۇ ئاي يازنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، بۇ چاغدا يەر يۈزى تۈرلۈك نېمەتلەرگە تولۇپ، مال ــ ۋارانلار سەمرىيدۇ، سۈت كۆپىيىدۇ، شۇنىڭغا ئوخشاش».

ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرى توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرى كېڭىيىش ۋە چوڭقۇرلىشىش بىلەن، يىلنىڭ پەسىللىرىنىمۇ پەرقلەندۈرگەن. ئاتا ــ بوۋىلىرىمىز ئاينىڭ تۇغۇشى (ھىلال) دىن تاكى تولۇن بولغۇچە ۋە كېمىيىپ بېرىپ كۆرۈنمىگۈچە ئۆتكەن كۈنلەرنى ساناپ، ئاينىڭ كۈن ھېسابىنى ئېنىقلىغان. يەنى «بىر ئايلىق ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ئاينىڭ دەۋر قىلىشى بىلەن ھېسابلانغاچقا، يىلنىڭ ئون ئىككىدىن بىر بۆلىكىمۇ ئاي دېيىلگەن» («تۈركىي تىللار دىۋانى» I جىلد).

دېمەك، ئاي شەكلىنىڭ ھەرخىل ئۆزگىرىشى (تولۇشى ۋە كېمىيىشى) ئىنسانلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان. نەتىجىدە ۋاقىت ئۆلچىمىنىڭ پەسىلدىن باشقا يەنە بىر خىل ۋاقىت بىرلىكى ـــئاي كېلىپ چىققان. ئاينىڭ بىر خىلدىكى ئىككى فازىسىنىڭ ئارىلىقى، يەنى يېڭى ئاي چىققاندىن تاكى يەنە بىر يېڭى ئاي چىققانغىچە بولغان ئارىلىق ـــ ئاينىڭ ئېنىق ئۇزۇنلۇقى دەپ قارىلىپ، 29 كۈن 12 سائەت 44 دەقىقە (مىنۇت)، 29 سانىيە (سېكۇنت) ـــ تەخمىنەن 29 يېرىم سوتكا (كۈن ــ تۈن)نى تەشكىل قىلغان. دەرۋەقە، دەسلەپتە، ئىنسانلار ئاينىڭ كۈن سانىنى پۈتۈن سان قىلىپ ھېسابلىغان. ئەمما ئىنسانلار بارا ــ بارا مۇنداق چۈشەنچىنى

هاسىل قىلغان: يەنى ئاينى ھەممىشە 29 كۈن دەپ ھېسابلاۋەرسە، يېڭى ئاي كىچىكىپ كېتىدىغانلىقى (مەسىلەن، بىر يىلدىن كېيىن بىر سوتكىدىن يەتتە سوتكىغىچە ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقى)نى بايقىغان. شۇنىڭ بىلەن، بۇرۇنقى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز يېڭى ئاينىڭ ھەممىشە ئاي بېشىدا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولماي كۆرۈنۈپ تۇرۇشى ئۈچۈن، بەزى ئاينى 29 كۈن ۋە بەزى ئاينى 30 كۈن قىلىپ تەقسىمەپ تۇرۇشنى بىلگەن.

## ئاي نامىلىرى

دۇنيادا ئايلار ھەر مىللەتتە ھەرخىل ئاتالغان، رىم، ھىند، ئىران، ئەرەبلەردە ئايلارنىڭناملىرى ئۆزگىچە. ھازىر غەرب ئەللىرىنىڭ تىللىرىدا، 12 ئاي نامىنىڭ ئوقۇلۇشى ۋە يېزىلىشى ئومۇمەن بىر ـ بىرىگە يېقىن. چۈنكى بۇ ناملار ئەسلىدە قەدىمكى لاتىن تىلىدىن كېلىپ چىققان، شۇنداقلا قەدىمكى رىمنىڭ كونا كالېندارى روھاناتقا سىغىنىشقا ۋە ئاتاقلىق سىياسىي ئەرباپلارغا ئالاقىدار بولغان.

**1 ـ ئاي** قەدىمكى رىم تەڭرىلىرىدىن «يانۇس» (Januarius) نىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. رىملىقلار يانۇسنى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئېپتىداسى ۋە خەيرلىك ئاقىۋىتىنىڭ سىيماسى دەپ ھېسابلىغان. يىل يېڭىلانغاندا، رىملىقلار يانۇسنىڭ باش سۈرىتى قۇيۇلغان تەڭگىنى بىر ـ بىرىگە سوۋغا قىلىشىپ، ئۆزئارا ئامانلىق تىلەشكەن. ھازىرقى زاماندا، ئىنگلىز، فرانسۇز، گېرمان تىللىرىدا 1 ـ ئاينىڭ نامى لاتىن تىلىدىكى «يانۇئارۇس» دىن تۈرلىنىپ، «يانۋار» دەپ ئاتالماقتا.

**2 ـ ئاي** قەدىمكى رىملىقلار بۇ ئاينى «فېبرۇئار» (Februarius) دەپ ئاتىغان. رىملىقلار ھەر يىلى مەزكۇر ئاينىڭ 15 ـ كۈنى «فېبرۇئار» دەپ ئاتالغان كاتتا دىنىي مەرىكە ئۆتكۈزگەن. شۇنىڭ بىلەن «فېبرۇئار» دېگەن سۆز 2 ـ ئايغا نام بولۇپ قالغان. ئىنگلىزچىدىكى February، فرانسۇزچىدىكى، گېرمانچىدىكى Februar، ئىسپانچىدىكى Febrero، رۇسچىدىكى февраль دېگەن ئىككىنچى ئاي

ناملىرى لاتىن تىلىدىن ئېلىنغان.

**3 ـ ئاي** قەدىمكى رىملىقلار بۇ ئاينى «مارس» (Martius) دەپ ئاتىغان. قەدىمكى رىملىقلار بۇ ئايدا مارس تەڭرىگە ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ قىلاتتى. مارس تەڭرى رىم ئاساتىرىدە ئۇرۇش تەڭرىسى، شۇنىڭدەك، تۇپراقنىڭ ئۈنۈملۈكىنى ۋە مول ھوسۇلنى قوغدىغۇچى تەڭرى ھېسابلىناتتى. رىملىقلار ئەتىياز باشلانغاندا، يەر يۈزىگە باھار كەلگەنلىك، جىمى نەرسىلەر جانلانغانلىقنى ئىپادىلەپ، مارس ئەڭرىگە نەزىر قىلاتتى. ھازىرقى زاماندا، ئىنگلىز، فرانسۇز، گېرمان، ئىسپان، رۇس تىللىرىدىكى 3 ـ ئاينىڭ نامى ـــ «مارت» ئەنە شۇ تەڭرىنىڭ نامىدىن كەلگەن.

**4 ـ ئاي** لاتىن تىلىدا «ئاپرىلىس» (Aprilis) دەپ ئاتالغان. بۇ نام Aperivi (ئېچىش، ئېچىلىش) دېگەن پېئىلدىن ياسالغان. بۇ سۆز تەبىئەتتە ھەممە نەرسە روناق تېپىشقا باشلىغان ۋە ياشارغانلىق مەنىسىنى بىلدۈرگەن. ئىنگلىزچىدىكى April ، فرانسۇزچىدىكى Avril ، گېرمانچىدىكى April ئەنە شۇ سۆزدىن كەلگەن.

**5 ـ ئاي** قەدىمكى رىملىقلار مۇشۇ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى «مايا» (Maia) تەڭرىگە ئاتاپ نەزىر قىلغان. بۇ تۇغۇش ـ ئۆسۈشنى ئىلىكدايدىغان ئايال تەڭرى بولۇپ، رىملىقلارنىڭ 5 ـ ئاي تەڭرىسى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن 5 ـ ئاي «ماي» (Maius) دەپ ئاتالغان. ھازىرقى زاماندا ئىنگلىزچە May ، فرانسۇزچە Mai ، گېرمانچە Mai ، ئىسپانچە Mayo ، رۇسچە Май دېگەن ناملار شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان.

**6 ـ ئاي** لاتىنچە يېزىلىشى «يۇنىئۇس» (Junius) بولۇپ، توي ـ نىكاھ ۋە تۇغۇتنى ئىلىكدايدىغان ئايال تەڭرى Juno ـــ (يۇنو) نىڭ نامى بىلەن ئاتالغان، يەر يۈزىدىكى جانلىقلار مەزكۇر ئايدا يېتىلىدۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرگەن. ھازىر ئىنگلىزچە June ، فرانسۇزچە Juin ، گېرمانچە Juni ، ئىسپانچە Junio دەپ يېزىلىدۇ.

**7 ـ ئاي** بۇ ئاينىڭ «يۇلىئۇس» (Julius) دەپ ئاتىلىشى قەدىمكى رىمدىكى ئاتاقلىق سىياسەتچى يۇلىئۇس قەيسەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. بۇ ئادەم مەزكۇر ئايدا تۇغۇلغانىكەن، رىملىقلار 7 ـ

ئاينىڭ نامىنى ئۆزگەرتىپ يۇلىئۇس ئېيى دەپ ئاتىغان. ئىنگلىزچە July ، گېرمانچە Juli ، ئىسپانچە Julio دېگەن ناملار مەزكۇر سۆزدىن كەلگەنىكەن.

8 ـ ئاي قەيسەرنىڭ ۋارىسى ــــ ئاۋگۇستۇسنىڭ بۇيرۇقى بىلەن Augustus دەپ ئاتالغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە 30 كۈنلۈك ئاينى 31 كۈنلۈك قىلىپ ئۆزگەرتكەن. ھازىر ئىنگلىزچە August ، گېرمانچە August ، ئىسپانچە Agosto دەپ ئاتىلىدۇ.

9ـ، 10ـ، 11ـ، 12 ـ ئايلار لاتىنچە دەرىجە سانلارنىڭ ناملىرى بىلەن ئاتالغان: 7 ـ ئاي Septimus ، 8 ـ ئاي Octavus ، 9 ـ ئاي nonus ، 10 ـ ئاي decimus . بۇ دەرىجە سانلار كونا رىم كالېندارىدىمۇ 7 ـ، 8 ـ، 9 ـ، 10 ـ ئايلارنىڭ ناملىرىنى بىلدۈرەتتى. مىلادىيىدىن 700 يىل ئىلگىرى رىملىقلار كالېندارنى ئىسلاھ قىلىپ، بىر يىلنى 12 ئايغا ئۆزگەرتكەن. ئۇلار كونا كالېنداردىكى 1 ـ ئاي ــــ مارس ئېيىنىڭ ئالدىغا يانۇس ۋە فېبرۇئار ئايلىرىنى قوشقان. شۇنىڭ بىلەن 1 ـ ئاينىڭ نامى تەرتىپ بويىچە كەينىگە سۈرۈلگەن. شۇ سەۋەبتىن 7 ـ، 8 ـ، 9 ـ، 10 ـ ئايلارنىڭ ناملىرى 9 ـ، 10 ـ، 11 ـ، 12 ـ ئايلارنىڭ ناملىرى بىلەن ئالماشقان. ھازىرقى ئايلارنىڭ ناملىرى ئەنە شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان. ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە، گېرمانچە يېزىقلاردا مەزكۇر ئايلار-نىڭ ناملىرى ئاساسەن ئوخشاش يېزىلىدۇ. Semtember (9 ـ ئاي)، October (10 ـ ئاي)، November (11ـ ئاي)، December (12ـ ئاي).

يانۋار، فېۋرال، مارت، ئاپرېل، ماي، ئىيۇن، ئىيۇل، ئاۋغۇست، سېنتەبىر، ئۆكتەبىر، نويابىر، دېكابىر دېگەن ئاي ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئەنە شۇنداق.

ئىرانلىقلارنىڭ قۇياش يىلى ھېسابى بويىچە ئايلارنىڭ ناملىرى مۇنداق:

**فەرۋەردىن** پەھلەۋىيچە فەرۋەرتىنەم بولۇپ، «خالاسكار پە-رىشتە» دېگەنلىكتۇر. ئۆمەر ھەييامنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە: «پەھلەۋىيچە سۆز ۋە ئۇنىڭ مەنىسى ئەينەن جەننەتلەر بولۇپ، بۇ ئاي ئۆسۈملۈكلەر

ئۆسۈشىنىڭ باشلىنىشىدۇر. بۇ ئاي ھەمەل بۇرجىغا ئائىت. شۇڭا، ئاينىڭ بېشىدىن تا ئاخىرىغىچە ئاپتاپ شۇ بۇرجىدا بولىدۇ».

**ئۇرد بېھىشت** پەرىشتىنىڭ نامى. قەدىمكى پارس تىلىدا «ئاتەم ۋە خىشتەم» ــــ «ئەڭ ياخشى ھوقۇق» (بېھىشت ــــ جەننەت). ئۆمەر ھەييامنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە: «بۇ ئايدا دۇنيا كۆكىرىپ جەننەتكە ئوخشايدۇ. ئۇرد پەھلەۋىي تىلىدا ‹ئوخشاش، كەبى› دېگەنلىكتۇر. ئاپتاپ بۇ ئايدا ھەقىقىي ئايلىنىشى بويىچە سەۋر بۇرجىدا بولىدۇ. بۇ ئاي باھارنىڭ ئوتتىسىدۇر».

**خۇرداد** پەرىشتىنىڭ نامى (قەدىمكى پارسچىدە «خورزەت» ــــ مولچىلىق). ئۆمەر ھەييامنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە: بۇ ئاي «ئادەملەرنى بۇغداي، ئارپا ۋە مېۋىلەر بىلەن باقىدۇ. ئاپتاپ بۇ ئايدا جەۋزا بۇرجىدا بولىدۇ».

**تىر** پەرىشتىنىڭ نامى، «تىشتىرىيە» دىن قىسقارتىلغان. ئاررۇ (ئۇتارىد ـ مېركۇرىي) يۇلتۇزى شۇنداق ئاتالغان. ئۆمەر ھەييامنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە: «بۇ ئايدا بۇغداي، ئارپا ۋە باشقا نەرسىلەر تەقسىم قىلىنىدۇ. ئاپتاپنىڭ ئەۋجى پەسىيىشكە باشلايدۇ، سەرەتان بۇرجىدا بولىدۇ. بۇ ئاي ياز ئېيىنىڭ بىرىنچىسىدۇر».

**مۇرداد** پەرىشتىنىڭ نامى، ئامۇرتات (قەدىمكى پارسچىدە ئامېرىتەت) تىن ئېلىنغان. مەنىسى «جەسۇر» دېگەنلىكتۇر. ئۆمەر ھەييامنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە: «تۇپراق بەردى، يەنى ئۇنىڭدا يېتىلگەن مېۋە ھەم كۆكتاتلارنى بەردى. يەنە، بۇ ئايدا ھاۋا تۇپراق توزىنىغا ئوخشايدۇ. بۇ ئاي ياز ئوتتىسىدۇر. ئاپتاپ ئەسەد بۇرجىدا بولىدۇ».

**شەھرىۋەر** پەرىشتىنىڭ نامى. قەدىمكى پارسچىدە خشەۋ رېشەرەيرىم بولۇپ، «تەلەپ قىلىنغان يۇرت» دېگەنلىكتۇر، ئۆمەر ھەييامنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە: «بۇ دارامەت ئېيىدۇر، يەنى پادىشاھلارنىڭ دارامەتلىرى مۇشۇ ئايغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئايدا دېھقانغا ئولپان تۆلەش ئاسان. ئاپتاپ ئەزرار (سۇنبۇلە) دە بولىدۇ. بۇ ــــ يازنىڭ ئاخىرقى ئېيى».

**مىھر** پەرىشتىنىڭ نامى، «مىسر» دىن ئېلىنغان. قەدىمكى

پارسچىدە مىسر ــــ نۇر دېگەنلىكتۇر. ئۆمەر ھەييامنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە: «ئۇ ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ئىپىدۇر، پىشقان بارچە مېۋە ۋە باشقا نەرسىلەر، شۇنىڭدەك ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇشلىرىگە تەگكىنىنى تەڭ كۆرىدۇ. ئاپتاپ بۇ ئايدا مىزاندا بولىدۇ، يەنى كۈزنىڭ باشلىنىشىدۇر».

**ئابان** پەرىشتىنىڭ نامى، ئابان ــــ سۇ پەرىشتىسى (ئاب ــــ سۇ). ئۆمەر ھەييامنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە: «بۇ ئايدا باشلانغان ھۆل ـ يېغىندىن سۇ كۆپىيىدۇ. ئادەملەر ئېكىنلىرىنى ئاغدۇرىدۇ. ئاپتاپ بۇ ئايدا ئەقرەبدە بولىدۇ».

**ئازەر** ئوت پەرىشتىسىنىڭ نامى. ئۆمەر ھەييامنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە: «پەھلەۋىي تىلىدا ئازەر (ئوت) دېگەنلىكتۇر. بۇ ئايدا ئاب ـ ھاۋا سوۋۇشقا باشلايدۇ ۋە ئوتقا موھتاجلىق پەيدا بولىدۇ، يەنى ئوت ئىپىدۇر. ئاپتاپ بۇ ئايدا قەۋس بۇرجىدا بولىدۇ».

**دەي** ئەسلى دەۋز بولۇپ، يارىتىلىش، بارلىققا كېلىش (قەدىمكى پارس تىلىدا دەزۋەخ ــــ يارىتىلىش)؛ ئۆمەر ھەييامنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە: «پەھلەۋىي تىلىدا (دەي) دېۋەنى بىلدۈرىدۇ. بۇ ئاينى دەي دېيىشتىكى سەۋەب، ئۇ غەزەپلىك ۋە بۇ ئايدا يەر كۆكىرىشتىن قالىدۇ. ئاپتاپ جەۋزادا بولىدۇ. بۇ ــــ قىشنىڭ بىرىنچى ئېيى».

**بەھمەن** پەرىشتىنىڭ نامى ــــ ۋاھۇمەن. قەدىمكى پارسچىدە ۋاھۇمەنە ــــ ساپ ۋىجدانلىق دېگەنلىكتۇر. ئۆمەر ھەييامنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە: «شۇنىڭغا ئوخشايدۇ دېگىنى. چۈنكى بۇ ئاي ئەنە شۇ دەي ئېيىغا ئوخشاش سوغۇق ۋە قۇرۇقتۇر. ئاپتاپ بۇ ئايدا زۇھەل خانەسىدە، دەلۋىنىڭ جەدى بىلەن تۇتاش يېرىدە بولىدۇ».

**ئىسفەندەر مۇز** ئايال تەڭرى نامى ــــ سپاندارمات (قەدىمكى پارسچىدە سپېنتە ئەرمەيتى)، مەنىسى «ئەۋلىيالىق ۋە مۆمىنلىك». ئۆمەر ھەييامنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە: «ئىسفەند پەھلەۋىي تىلىدا مېۋەنى بىلدۈرىدۇ. يەنى بۇ ئايدا مېۋىلىك دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەر كۆكىرىشكە باشلايدۇ. ئاپتاپ بۇ ئايدا ئاخىرقى ھۇت بۇرجىغا يېتىپ كېلىدۇ».

ئەرەب ئىسلام تەقۋىمىدە ئايلارنىڭ ناملىرى مۇنداق:

| | |
|---|---|
| مۇھەررەم | 1 ــ ئاي |
| سەپەر | 2 ــ ئاي |
| رەبىيەلئەۋۋەل | 3 ــ ئاي |
| رەبىيەلئاخىر | 4 ــ ئاي |
| جامادىيەلئەۋۋەل | 5 ــ ئاي |
| جامادىيەلئاخىر | 6 ــ ئاي |
| رەجەب | 7 ــ ئاي |
| شەبان | 8 ــ ئاي |
| رامزان | 9 ــ ئاي |
| شەۋۋال | 10 ــ ئاي |
| زۇلقەدە | 11 ــ ئاي |
| زۇلھەججە | 12 ــ ئاي |

ئىسلام تەقۋىمىدە، قەمەرىيە بويىچە 9 ــ ئاي ــــ رەمەزان ــ روزا تۇتىدىغان ئاي، 12 ــ ئاي ــــ زۇلھەججە ھەج قىلىدىغان ئاي قىلىپ بەلگىلەنگەن. 10 ــ ئاي ــــ شەۋۋالنىڭ 1 ــ كۈنى ئىيت پىترى ــــ روزا ھېيت، 12 ــ ئاي ــــ زۇلھەججەنىڭ 10 ــ كۈنى قۇربان ھېيت قىلىپ بەلگىلەنگەن. بۇ ئايلارنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئېنىق چۈشەنچە بېرىش تەس. مەسىلەن، مۇھەررەم ــــ چەكلەنگەن، مەنئى قىلىنغان؛ سەپەر ــــ سارغايغان، كۈزگى يامغۇر؛ رەبىئە ــــ ئەتىياز، جاماد ــــ ئۇيۇغان، قاتقان؛ رەجەب ــــ يىلتىز، قورقۇش؛ شەبان ــــ شاخ، تارماق؛ رامزان ــــ تومۇز، قاتتىق ئىسسىق؛ شەۋۋال ــــ تېز، چاپسان؛ قەدە ــــ ئولتۇرماق، تۇرق؛ ھەججە ــــ يىل ئاخىرى، ھەج قىلماق مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ.

بەزى كالېندارلاردا، ئايلارغا ھەر پەسلنىڭ ئالاھىدىلىكىگە قاراپ نام بېرىلگەن. مەسىلەن، مەملىكىتىمىزنىڭ «دېھقان كالېندارى» ۋە فرانسىيىنىڭ «جۇمھۇرىيەت كالېندارى» (فرانسىيىنىڭ ئىنقىلاب دەۋرىدىكى كالېندارى ـــ 1793 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن باشلانغان كالېندار) دا، ئايلارغا مۇنداق نام بېرىلگەن.

| ئايلار | دېھقان كالېندارىدا | جۇمھۇرىيەت كالېندارىدا |
|---|---|---|
| 1 ـ ئاي | دەسلەپكى ئاي | يامغۇر ئېيى |
| 2 ـ ئاي | ئۆرۈك چېچىكى ئېيى | شامال ئېيى |
| 3 ـ ئاي | شاپتۇل چېچىكى ئېيى | بىخ ئېيى |
| 4 ـ ئاي | تۇخۇمەك چېچىكى ئېيى | چېچەك ئېيى |
| 5 ـ ئاي | ئانار چېچىكى ئېيى | چوپان ئېيى |
| 6 ـ ئاي | نىلۇپەر ئېيى | ئورما ئېيى |
| 7 ـ ئاي | قىروسىمان ئېيى | تومۇز ئېيى |
| 8 ـ ئاي | دالچىن ئېيى | مېۋە ئېيى |
| 9 ـ ئاي | جۈيخۇا ئېيى | ئۈزۈم ئېيى |
| 10 ـ ئاي | ئاپتاپ ئېيى | تۇمان ئېيى |
| 11 ـ ئاي | قومۇش ئېيى | قىرو ئېيى |
| 12 ـ ئاي | زىمىستان ئېيى | قار ئېيى |

**ھەپتە**

ئايدىن كىچىك يەنە بىر ۋاقىت بىرلىكى ـــ ئاينىڭ چارىكى، يەنى يەتتە كۈن. دەسلەپتە، بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بىر ئايلىق ۋاقىتنى يەنىلا ئاينىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ بەلگىلىگەن. مەسىلەن، ئاي بېشى، ئاي ئوتتۇرىسى، ئاي ئايىغى، ئاي قاراڭغۇسى (ئاي قاراڭغۇسى ـــ كونا ئاي غايىب بولۇپ يېڭى ئاي تۇغقانغىچە ئاي كۆرۈنمىگەن كۈنلەر،

ئادەتتە تۆت ـ بەش كۈن ھېسابلانغان). دەرۋەقە، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز خېلى ئۇزاق زامانلارغىچە، يەتتە كۈنگە ئات قويمىغان. مەھمۇت كاشغەرىـ ىمۇ: «تۈركلەردە ھەپتىنىڭ يەتتە كۈنىنىڭ ئېتى يوق. چۈنكى ھەپتە دېگەن ئۇقۇم ئىسلامدىن كېيىن مەلۇم بولدى» دېگەن. ئاينىڭ ھەر چارىكى يەتتە كۈندىن ھېسابلانغان.

ئادەتتە، بىر ئاي تۆت ھەپتىدىن $1\frac{1}{2}$ سوتكا كۆپ بولغاچقا، ھەر ھەپتە يەتتە كۈندىن ھېسابلانغاندا، يېڭى چىققان ئاينىڭ فازىسى ئۆتكەن ئاينىڭ ھەپتىسىدىكى ئاي چىققان كۈنگە توغرا كەلمەي، بىر ياكى ئىككى كۈن كېيىن باشلانغان.

بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۈگۈنكى كۈندە دۇنيا ئەللىرى قوللىنىـ ىلىۋاتقان «ھەپتە»، يەنى يەتتە كۈننى بىر ۋاقىت بىرلىكى قىلىش تۈزۈمى قەدىمكى غەربىي ئاسىيادا ـــ مىسوپوتامىيىدە (دەجلى ـــ فرات ئىككى دەريا ئارىلىقىدا) پەيدا بولغانىكەن. مىلادىيىدىن ئىلگىرى VI — VII ئەسىرلەردە، ئاسۇرىيە ۋە يېڭى بابىل پادىشاھلىقلىرى دەۋرىدە ھەپتە تۈزۈمى ئىشلىتىلگەنىكەن. بابىللىقلار بىر قەمەرىيە ئېيىنى تۆت ھەپتىگە بۆلۈپ، ھەر ھەپتىنى يەتتە كۈندىن قىلغان. بابىللىقلارنىڭ يۇلتۇز تەڭرىلەرگە نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزىدىغان يەتتە قەۋەتلىك يۇلتۇز ئىبادەتخانىسى بولۇپ، يۇقىرىقى قەۋەتتىن تۆۋەنكى قەۋەتكىچە ياشىق (قۇياش)، يالـ چىق (ئاي)، كۈرۈد، ئاززۇ، ئوگاي، سەۋىت، سەكەنتىر ـــ يەتتە ئاقراق (پلانېتا) نامى بىلەن ئاتالغان. بابىللىقلارنىڭ ئېتىقادىچە بۇ يەتتە يۇلتۇز تەڭرى نۆۋەت بىلەن كۆزەتچىلىك قىلىپ، ھەربىرى بىر كۈنگە مۇئەككىل ئىكەن. بابىللىقلار ھەركۈنى بىر تەڭرىگە نەزىر قىلىدىكەن. يەتتە كۈندە بىر دەۋرى قىلىدىكەن. ھەر كۈنگە بابىللىقلار بىر تەڭرىنىڭ نامىنى بەرگەنىكەن. ياشىق (قۇياش) تەڭرىسى ـــ «شاماش» يەكشەنبىگە مۇئەككىل بولۇپ، بۇ كۈننى قۇياش كۈنى دەپ ئاتىغان؛ يالچىق (ئاي) تەڭرىسى ـــ «سىن» دۈشەنبىگە مۇئەككىل بولۇپ، بۇ كۈننى ئاي كۈنى دەپ ئاتىغان؛ كۈرۈد (مارس) تەڭرىسى ـــ «نىركا» سەيشەنبىگە مۇئەكـ

كىل بولۇپ، بۇ كۈننى مارس كۈنى دەپ ئاتىغان؛ ئاززۇ (مېركۇرىي) تەڭرىسى ـــ «نابۇ» چارشەنبىگە مۇئەككىل بولۇپ، بۇ كۈننى مېركۇرىي كۈنى دەپ ئاتىغان؛ ئوگاي (يۇپىتېر) تەڭرىسى ـــ «ماردۇك» پەيشەنبىگە مۇئەككىل بولۇپ، بۇ كۈننى يۇپىتېر كۈنى دەپ ئاتىغان؛ سەۋىت (ۋېنىرا) تەڭرىسى ـــ ئىشتار جۈمەگە مۇئەككىل بولۇپ، بۇ كۈننى ۋېنىرا كۈنى دەپ ئاتىغان؛ سەكەنتىر (ساتۇرن) تەڭرىسى ـــ نىنۇلدا شەنبىگە مۇئەك-كىل بولۇپ، بۇ كۈننى ساتۇرن كۈنى دەپ ئاتىغان. بابىللىقلارنىڭ شاماش، سىن، نىركا، نابۇ، ماردۇك، ئىشتار، نىنۇلدا دېگەنلىرىمۇ، قۇياش، ئاي، ئەقىل ـ پاراسەت، باھار، دېھقانچىلىق، مۇھەببەت تەڭرىلى-رىنىڭناملىرىدۇر. يەتتە ئاقراق (يەتتە پلانېتا) غا قويۇلغان يۇنانچە ـــ رىمچە ناملارمۇ تەڭرىلەرنىڭ ناملىرىدۇر. مەسىلەن، «گەيا» (يەر) ـــ يۇنان ئاساتىرىدە (مىق ـــ ئەپسانىسىدە) زېمىن تەڭرىسى، «ۋېناس» (ۋېنېرا) ـــ مۇھەببەت ۋە گۈزەللىك مۇئەككىلى ئايال تەڭرى، «يۇپىتېر» ـــ قەدىمكى رىم ئاساتىرىدە تەڭرىلەر پادىشاھى، «مېركۇرىي» ـــ تەڭرىلەرگە ئۇچۇر يەتكۈزىدىغان ۋە سودا، يول ـ قاتناشنى ئىلىكدايدىغان تەڭرى، «مارس» ـــ قەدىمكى رىم ئاساتىرىدە جەڭ تەڭرىسى، «ساتۇرن» ـــ قەدىمكى رىم ئاساتىرىدە دېھقانچىلىق تەڭرىسى ۋە باشقىلار.

ھەپتىنىڭ باشلىنىش كۈنى بىر خىل ئەمەس. مىلادىيىنىڭ 321 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى رىم ئىمپېراتورى كونستانتىن يەتتە كۈننى بىر ھەپتە دەپ ئېلان قىلغاندىن باشلاپ، بۇ تۈزۈم ھازىرغىچە داۋام قىلماقتا. خرىستىئانلار قەدىمكى بابىللىقلارنىڭ ئۇسۇلىنى قوللانغان، يەنى قۇياش كۈنى (شاماش) ـــ يەكشەنبىنى ھەپتىنىڭ باشلىنىش كۈنى قىلغان: ھازىر كىشىلەر دۈشەنبىنى ھەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى دەپ ھېساب-لايدۇ. بۇنىڭدا خرىستىئانلار «ئىنجىل» دىكى باياننى ئاساس قىلغان. تەڭرى پۈتۈن مەخلۇقاتنى ياراتقان، بىرىنچى كۈنى يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنى ئايرىپ، كۈن بىلەن تۈننى ھاسىل قىلغان؛ ئىككىنچى كۈنى يۇقىرى بىلەن تۆۋەننى ئايرىغان؛ ئۈچىنچى كۈنى ئوت ـ چۆپ،

دەل ـ دەرەخ ۋە كۆكتاتلارنى ياراتقان؛ تۆتىنچى كۈنى كۈن، ئاي، يۇلتۇزلارنى يارىتىپ، يىل ـ ئاي ـ كۈنلەرنى بەلگىلىگەن؛ بەشىنچى كۈنى بېلىق، سۇ جانىدارلىرى ۋە ئۇچار قاناتلارنى ياراتقان؛ ئالتىنچى كۈنى چار پايلار، ھاشاراتلار ۋە ياۋايى ھايۋانلارنى ياراتقان؛ ئاخىردا، بۇ دۇنيانى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئەرلەر بىلەن خوتۇنلارنى ياراتقان. تەڭرى مەخلۇقاتنى يارىتىش ئىشىنى تۈگەتكەندىن كېيىن يەتتىنچى كۈنى ئارام ئالغان، بۇ كۈن «ئارام كۈنى» دەپ ئاتالغان.

«ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە، ئاللا يەكشەنبە كۈنى كۆكلەرنى ياراتتى؛ دۈشەنبە كۈنى ئاينى، كۈننى، يۇلتۇزلارنى ياراتتى، پەلەك ئىچىدە تۇرغۇزدى؛ سەيشەنبە كۈنى ئالەم خەلقىدە قۇش ـ قۇرتلارنى، پەرىشتىلەرنى ياراتتى؛ چارشەنبە كۈنى سۇلارنى ياراتتى، يەللەرنى، بۇلۇتلارنى چىقاردى، ياغاچلارنى، ئوت ـ يەملەرنى ياراتتى، ئۈندۈردى، روزى (رىزقى ـ نەسىبە) لەرنى ئۈلەشتۈردى؛ پەيشەنبە كۈنى ئۇجماخ ۋە تاموغنى (جەننەت ۋە دوزاخنى)، رەھمەت ۋە ئازاب پەرىشتىلىرىنى ياراتتى، ھۆرلەرنى ياراتتى؛ ئازىنە كۈنى ئادەمنى ياراتتى؛ شەنبە كۈنى نەرسە ياراتمىدى» («قىسسەئى رابغۇزى»).

ئىسلام دىنىدا «جۈمە» ئارام ئېلىش كۈندۇر. ئەرەبلەردە «ئەسبۇئ» ـــ ھەپتە يەنى يەتتە كۈن: سەبت، ئەھەد، ئەسنەين، سۇلاسە، ئەربەئە، خەمىس، جۈمئە. پارسلاردا: «هفته روز» ـــ يەتتە كۈن: شنبە (شەنبە)، يكشنبە (يەكشەنبە)، دوشنبە (دۈشەنبە)، سەشنبە (سېشەنبە)، چهارشنبە (چەھارشەنبە)، پنجشنبە (پەنجشەنبە)، آدينە (ئادىنە ـــ ئازنا).

ئەرەب ـــ ئەجەم ئىسلام تەقۋىمىدە، ھەپتە كۈنلىرىمۇ يەتتە ئەفراق (پلانېتا) غا توغرىلانغان: قەمەر (ئاي) ـــ دۈشەنبە، ئەتارۇد ـــ چارشەنبە، زۆھرە ـــ جۈمئە، شەمس (قۇياش) ـــ يەكشەنبە، مىررىخ ـــ سەيشەنبە، مۇشتەرى ـــ پەنجشەنبە، زۇھەل ـــ شەنبە.

## يېڭى كۈننىڭ باشلىنىش نۇقتىسى

يەر شارى غەربتىن شەرققە توختىماي چۆرگىلەيدۇ. تۈن نىسپى (چىڭقى تۈن)، سەھەر، چۈش، زاۋال شەرقتىن غەربكە يەر شارىنىڭ جاي ـ جايلىرىدا ئۆز رېتى بويىچە تەكرار نۆۋەتلىشىپ تۇرىدۇ. تىنچ ئوكياننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى فىجى تاقىم ئاراللىرىدىن تافئۇنى ئارىلىدا كىچىككىنە بىر تاش ئابىدە بولۇپ، بۇنىڭ ئۈچ تەرىپىنىڭ سول يېنىغا «بۈگۈن»، ئوڭ يېنىغا «تۈنۈگۈن» دەپ يېزىلغان. تاشنىڭ قاق بېلىگە كۈن چېگرا سىزىقى ئۆتكەن ئورۇن سىزىلغان. تاش ئابىدىدە يېزىلىشىچە: بۇ ـــ جەنۇبىي يېرىم شار 180 ـ مېرىدىئاندىن ئۆتىدىغان بىردىنبىر ماتورلۇق قاتناش قورال يولى، يېڭى كۈن مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ. خەلقئارا بەلگىلىمە بويىچە، شەرقىي ۋە غەربىي 12 ۋاقىت زونىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسى، يەنى شەرقىي ـ غەربىي مېرىدىئان 180 گرادۇسنىڭ نۇقتىسىغا خەلقئارا كۈن يەڭگۈشلىنىش سىزىقى، يەنى كۈننىڭ چېگرا سىزىقى سىزىلغان. بۇ سىزىقنىڭ غەربىي يېنى يەر شارىدا يېڭى كۈننىڭ باشلىنىشىدۇر. شۇڭا بۇ سىزىقنىڭ ئىككى يېنىدىكى ۋاقىت ئوخشاش، لېكىن بىر كۈن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، كېمە تىنچ ئوكياندا غەربتىن شەرققە يۈرۈپ، مەزكۇر سىزىقتىن ئۆتكەندە، چېسلا بىر كۈن كەينىگە سۈرۈلىدۇ. ئەكسىچە، كېمە شەرقتىن غەربكە يۈرۈپ، مەزكۇر سىزىقتىن ئۆتكەندە، چېسلا بىر كۈن ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

## ۋاقىت زونىلىرى

1884 ـ يىلى، خەلقئارا مېرىدىئان يىغىنىدا ۋاقىت زونىلىرى بەلگىلەنگەن. يەر شارىنىڭ يۈزىدىكى مېرىدىئان سىزىقلىرى بويىچە 24 ۋاقىت زونىسىغا بۆلۈنگەن. بۇنىڭدا باش مېرىدىئان سىزىقى ئۆلچەم قىلىنىپ، شەرققە قاراپ 7.5 گرادۇس ۋە غەربكە قاراپ 7.5 گرادۇس (يەنى 15

گرادۇس) ئارىلىق 0 ۋاقىت زونىسى دەپ بەلگىلەنگەن. دېمەك ھەربىر 15° ئارىلىق بىر ۋاقىت زونىسى دەپ ھېسابلانغان. شەرقىي (ياكى غەربىي) مېرىدىئان 7.5°—22.5° ئارىلىق بىرىنچى ۋاقىت زونىسى، شەرقىي (ياكى غەربىي) مېرىدىئان 22.5°—37.5° ئارىلىق ئىككىنچى ۋاقىت زونىسى، قالغانلىرى مۇشۇ تەرتىپ بويىچە ئايرىلىدۇ. ھەربىر ۋاقىت زونىسى ئىچىدە مەركىزىي مېرىدىئان سىزىقىدىكى ۋاقىت قوللىنىلىدۇ ـ دە، بۇ مەزكۇر زونىنىڭ «ئۆلچەم ۋاقتى» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەربىر زونىنىڭ چېگرىدىن ئۆتكەندە، ۋاقىت بىر سائەت پەرقلىنىدۇ. باش مېرىدىئان سىزىقى ئادەتتە گرىنۋىچ رەسەتخانىسى جايلاشقان ئورۇندىن باشلاپ سانالغان. شەرقتىكى شەرقىي مېرىدىئان، غەربتىكى غەربىي مېرىدىئان دەپ ئاتىلىپ، 0° دىن باشلىنىپ 180° قا يەتكەندە ئۇچرىشىدۇ. بۇ گرادۇس (ياكى سائەت)، مىنۇت، سېكۇنت بىلەن ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، بېيجىڭ شەرقىي مېرىدىئان 116°28′ ياكى 7 سائەت 45.9 مىنۇتقا توغرا كېلىدۇ. ئۈرۈمچى تەخمىنەن 87°32′ قا توغرا كېلىدۇ. ئەمما ۋاقىت زونىلىرى مېرىدىئاندىن باشقا، جۇغراپىيە، مەمۇرىي رايونلار بويىچىمۇ ئايرىلىدۇ. مەملىكىتىمىزدە بېيجىڭ ۋاقتى لەنجۇغىچە، لەنجۇدىن ئۈرۈمچىگىچە بىر ۋاقىت زونىسى سانىلىدۇ. مېرىدىئان سىزىقلىرى بويىچە بولغاندا، بېيجىڭ بىلەن ئۈرۈمچى 8 ـ ۋە 5 ـ ۋاقىت زونىلىرىغا كىرگەچكە، ئارىدا ئۈچ سائەت ئەتراپىدا پەرق بولىدۇ. رايون بويىچە ھازىر ئىككى سائەت پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

## سوتكا (كېچە ـ كۈندۈز)

تۈركىي خەلقلەردە ئىلگىرى سوتكا چۈشەنچىسى كۈن ـ تۈن بىلەنلا ئىپادىلىنەتتى. كۈن (كۈندۈز) «كۈن» (قۇياش) بىلەن، تۈن (كېچە) «ئاي» بىلەن باغلىق دەپ سانىلاتتى. بىر كۈن (كۈندۈز) نىڭ ئۆتكەنلىكى كۈننىڭ تۇغۇلۇشى (چىقىشى) ۋە تولگىشى (پېتىشى) بىلەن، تۈننىڭ ئۆتكەنلىكى پەقەت كېچىدىلا روشەن بولىدىغان ئاينىڭ تۇغۇلۇشى ۋە غايىب بولۇشى بىلەن بىلدۈرۈلەتتى. شۇڭا ھەر كۈندە بىر كۈن (قۇياش)، ھەر تۈندە

بىر ئاي (يالچىق) تولۇقلۇپ چوڭىيىپ بارىدۇ دەپ، كۈننى كۈندۈزگە، ئاينى تۈنگە سىمۋول قىلغان. تۈن مەنە جەھەتتىن كۈننىڭ تەتۈرىسى. كېيىنچە، كىشىلەرنىڭ ۋاقىت توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى كېڭەيگەنسېرى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز 12 ئۆكەكتىن، يەنە بىر مەلۇماتقا كۆرە، 12 مۆچەل نامىدىن پايدىلىنىپ، بىر كېچە ـ كۈندۈزنىمۇ 12 ئۆكەكنىڭ ياكى 12 مۆچەلنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىغان 12 تەڭ بۆلەككە بۆلگەن ۋە ھەر ئىككى سائەتكە توغرا كېلىدىغان ۋاقىتنى «چاغ» دەپ ئاتىغان؛ يەنە ھەربىر چاغنى سەككىز گاھقا بۆلگەن («چاغ» نى «پاس» دەپمۇ ئاتىغان). دېمەك، ھەربىر گاھ 15 دەقىقىدىن ئىبارەت بولغان. گاھىدا «چاغ» بىلەن «گاھ» ئالماشتۇرۇپمۇ قوللىنىلغان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى قوۋملەر ھەتتا كېچە ـ كۈندۈزنىڭ بۆلەكلىرىنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ ئايرىغان، يەنى قەدىمكى زاماندا، بىر كۈن (كېچە ـ كۈندۈز)نى 12 چاغقا بۆلگەن، بۇ چاغلارنى تۈن يېرىمى، توخۇ چىللىغان، تاڭ ئاتار، كۈن تۇغقان، ئاشۋاقتى (چاش-گاھ)، چۈش ئالدى، چىڭقى چۈش، كۈن قايرىلغان، دىگەر، كۈن پاتقان، زاۋال، ئەل ئايىغى بېسىققان دەپ ئاتاپ، ھەربىرىنى ئىككى سائەتتىن ھېسابلىغان. ئەمما كونكرېت ۋاقىتى تۈنگى سائەت 11 دىن باشلانغان: تۈن سائەت 11 دىن 1 غىچە تۈن يېرىمى چاشقان چېغى، تۈن سائەت 1 دىن 3 كىچە ئۇي چېغى، ۋەھاكازا. دېمەك، كېچە ـ كۈندۈزنى يېرىم كېچىدىن باشلاپ ھېسابلىغان. يېرىم كېچىدە، يەنى تۈنگى سائەت 24 دە بىرىنچى چاغنىڭ بەشىنچى گاھى باشلانغان، بۇ پەيتتە چاشقان چېغىنىڭ يېرىمى ئۆتكەن بولىدۇ.

ئۆمەر ئىبنى ئىبراھىم ھەييامنىڭ دېيىشىچە: ئافتاب (قۇياش) نىڭ ئىككى ئايلىنىشى مەۋجۇت، ئۇلاردىن بىرى: ئافتاب ھەر ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش كېچە ـ كۈندۈزنىڭ تۆتتىن بىرىدە ھەمەل بۇرجىنىڭ بىرىنچى دەقىقىسىگە چىقىپ كەتكەن پەيتنىڭ ئۆزىدە يەنە قايتىپ كېلىدۇ ۋە ھەر يىلى بۇ دەۋر كېمىيىپ بارىدۇ. ھەييام دىگەن قۇياشنىڭ بۇ ئىككىنچى دائىرىسى، ئۇنىڭ كېچە ـ كۈندۈزلۈك كۆرۈنمە ئايلىنىشىدۇر. ئادەتتە، قۇياشنىڭ يىللىق ئايلىنىشى 365 كېچە ـ كۈندۈز 5 سائەت 48 دەقىقە

$365_{1/4}$ كۈن $45_{1/4}$ سانىيىگە تەڭ دەپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۆمەر ھەييام دېگەن كېچە ـ كۈندۈزدىن 11 دەقىقە $14_{3/4}$ سانىيە كەم.

## مۇچەل

ئەبۇ رەيھان بىرۇنىي 1030 ـ يىلى يازغان «قانۇنى مەسئۇدى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «شەرق ئەھلى ــــ چىنلىقلار ۋە تۈركلەر ئۆز يىللىرىنى ئون ئىككىدىن ئىبارەت دەۋر تەرزىدە تۈزگەن ۋە ئۇلارنى ھايۋانلارنىڭ ناملىرى بىلەن ئاتىغان، شۇنىڭدەك مەلۇم بىر تەرتىپتە جايلاشتۇرغان». مەھمۇت كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ I جىلدىدا مۇنداق يازغان: «تۈركلەر ئون ئىككى خىل ھايۋاننىڭ ئىسمىنى ئېلىپ، ئون ئىككى يىلغا ئات قويغان. ئۇلار باللارنىڭ ياشلىرىنى، جەڭ تارىخلىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى مۇشۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ھېسابلايدۇ. تۈرك خانلىرىدىن بىرى قۇرۇلتاي چاقىرىپ، مۇنداق دېگەن: بىز 12 ئاي ۋە ئاسماننىڭ 12 بۇرجىغا ئاساسلىنىپ، ھەربىر يىلغا بىر ئات قويايلى، بىزدىن كېيىن يىل ھېسابى شۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ھېسابلانسۇن، بۇ ئارىمىزدا مەڭگۈ بىر يادىكارلىق بولۇپ قالسۇن».

بۇ 12 مۇچەلنىڭ ناملىرى مۇنداق:

چاشقان (سىچقان ــــ كەشكۈ)

كالا (ئۇي ــــ ئۇد)

يولۋاس (بارس)

توشقان (تاۋىسقان)

نەك (لەھەڭ ياكى بالىق)

ئىلان (يىلان)

ئات (يۇند)

قوي (قون)

مايمۇن (بىچىن)

توخۇ (تاقاغۇ)
ئىت
توڭغۇز (توڭگۇز)

رىۋايەتتە كەلتۈرۈلۈشچە، يىللارنىڭ مۇنداق ئاتىلىشى تارىخىي غۇز ياكى تارىخىي غازىلەم زامانىسىدىن باشلانغان بولۇپ، ھازىرغىچە 4000 يىلدىن ئاشىدىكەن.

12 مۇچەل خەنزۇلاردىمۇ قەدىمدىن بار. پەقەت تۈركىي خەلقلەردە «بىلىق» (ياكى لەھەڭ) ئاتالغان يىل خەنزۇلاردا «لۇڭ» (ئەجدىھا) دېيىلىدۇ. پارسلاردىكى 12 مۇچەل تۈركىي خەلقلەردىكى بىلەن ئوخشاش، ئۇلار: مۇش، گاۋ (بەقەر)، پەلەڭ، خەرگوش، نەھەڭ، مار، ئەسب، گوسپەند، بوزىنە (مەيمۇن)، مۇرغ، سەگ، خوك دەپ ئاتايدۇ.

موڭغۇللاردىمۇ 12 مۇچەل ئوخشاش، ئۇلار: خولغۇن، ئۆكۈر، بار، تولاي، ئۇلۇ، موغا، مورۇن، خويۇن، چارمۇچىن، تاكە، نوخا، قاخا دەپ ئاتايدۇ.

ۋېيتناملىقلاردىمۇ ئوخشاش، ئۇلاردا پەقەت توشقاننىڭ ئورنىدا مۈشۈك دەيدۇ.

مېكسىكىلىقلاردا 12 مۇچەلدىن ئالتىسى (يولۋاس، توشقان، ئەجدىھا، مايمۇن، ئىت، توڭگۇز) خەنزۇلاردىكى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، قالغان ئالتىسى پەرقلىنىدۇ.

ھىندىلاردىمۇ ئاساسەن ئوخشاش، پەقەت يولۋاسنىڭ ئورنىدا شىر، توخۇنىڭ ئورنىدا زەرقۇش (ئالتۇن پەر قۇش) دەيدۇ.

تۈركىي ۋە موڭغۇل خەلقلىرىدە مۇچەل (موڭغۇلچە مۇچەن) نىڭ ئاۋالقىسى 13 يىل بىر مۇچەل، كېيىنكى ھەر 12 يىل بىر مۇچەل بولىدۇ: 13 يىل بىر مۇچەل، 25 (2)، 37 (3)، 49 (4)، 61 (5)، 73 (6)، 85 (7)، 97 (8)، 109 (9)، 121 (10)... جەمئىي 13 مۇچەل ئۈچ 40 بولىدۇ.

**مۇچەل قوشىقى** I

چاشقىنى سويلاپ، ئۇيلىرى مۆرەپ كېلىدۇ،

يولدا يولۋاس، توشقىنى تۇيلاپ كېلىدۇ.
دەريادا بېلىق يىلاننى قوغلاپ كېلىدۇ،
ئات ئالدىدا، قوي كەينىدە مەرەپ كېلىدۇ.
مايمۇنى مۈيلاپ، توخۇسى چىللاپ كېلىدۇ،
ئىتلىرى قاۋاپ، توڭگۇزى خورداپ كېلىدۇ.

### مۇچەل قوشىقى II

مۇچەل باشلاپ چاشقان كېلۇر،
كالا، يولۋاس، توشقان كېلۇر.
بېلىق ئوينىاپ سۈزۈك سۇدا،
ئەجدىھادەك يىلان كېلۇر.
ئات ئالدىدا، قوي كەينىدە،
ئۇنى دوراپ مايمۇن كېلۇر.
توخۇ چىللاپ، ئىتلار قاۋاپ،
توڭگۇز دېگەن يامان كېلۇر.

## چىللە ۋە توقسان

چىللە ـــ قىرىق، قىرىقلىق دېگەن سۆز بولۇپ، يىلنىڭ توققۇزىدىن بىر بۆلىكىدۇر. بۇرجى تەقۋىم بويىچە، ھەر يىلدا بىر قىش چىللىسى ۋە بىر ياز چىللىسى بولىدۇ. قىش چىللىسى ئوغلاق (جەدى) ئېيى تولۇق ۋە كۆنەك (دەلۋە) ئېيىنىڭ 10 كۈنى بولۇپ، بۇ 21 ـ دېكابىردىن 31 ـ يانۋارغىچە، (كونىچە ھېسابتا 9 ـ دېكابىردىن 18 ـ يانۋارغىچە)؛ ياز چىللىسى قۇچقىچ (سەرەتان) ئېيى تولۇق ۋە يولۋاس (ئەسەد) ئېيىنىڭ 10 كۈنى بولۇپ، بۇ 21 ـ ئىيۇندىن 31 ـ ئىيۇلغىچە (كونىچە ھېسابتا 10 ـ ئىيۇندىن 20 ـ ئىيۇلغىچە)، ھەرقايسى 40 كۈندىن ھېسابلانغان.

قەدىمكى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز كۆچمەن چارۋىچىلىق دەۋرىدە ياشىغان ئۇزاق ئۆتمۈشتە، ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئىگىلىكى، يەنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى چارۋا ـ تۆت ئاياغلىق مال بولغاچقا، تۆت تۈلۈك مال بىلەن

مەئىشەت قىلغان. شۇڭا ئۇلار ماللارنىڭ ياشاش شارائىتلىرى يىل پەسىللىرىگە باغلىق بولغان قانۇنىيەتنى چۈشىنىپ، يىلنى ھەر بۆلىكى 90 كۈندىن بولغان تۆت بۆلەككە بۆلگەن. كۆپىنچە، ئۇزلىرىنىڭ مەئىشەت ۋاستىلىرىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان قىشقى توقسان (توققۇز ئون) ۋە يازغى توقسان (توققۇز ئون) نى ھېسابقا ئالغان. بۇ قىشقى ۋە يازغى توقسانلاردىن ئىگىلىك ــ مەئىشەتلىرىدە دىققەت ــ ئېتىبارىنى قوزغايدىغان ئەڭ سوغۇق ۋە ئەڭ ئىسسىق كۈنلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، قىش چىللىسى ۋە ياز چىللىسى دەپ ئايرىغان.

خەنزۇلاردا، «توققۇز ـــ توققۇز» دەپ سانىلىدۇ. يەنى يازغى تۇرۇم (يازلىق كۈن توختاش) دىن كېيىنكى 81 كۈن بىلەن قىشقى تۇرۇمدىن كېيىنكى 81 كۈننى ئېلىپ، ھەربىرىنى توققۇز بۆلەككە بۆلگەن، ھەربىر بۆلىكىنى توققۇز كۈندىن ھېسابلىغان ــ دە، «يازغى توققۇز ــ توققۇز»، «قىشقى توققۇز ـــ توققۇز» دەپ ئاتىغان. قىشقى تۇرۇم ھەر يىلى 12 ــ ئاينىڭ 22 ــ كۈنىدىن ئىلگىرى ــ كېيىن قۇياش بۇرج يولىنىڭ 270° (قىشقى تۇرۇم نۇقتىسى) غا يەتكەندە باشلىنىدۇ. شۇ كۈنى ئاپتاپ جەدى سىزىقى (مەدارىل جەدى، يەنى جەنۇبىي پاراللېل 23°27′) غا ئۇدۇل ـــ تىك چۈشىدۇ، بۇ چاغدا شىمالىي يېرىم شاردا كۈندۈزى ئەڭ قىسقا بولىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئاپتاپنىڭ چۈشۈش ئورنى شىمالغا قاراپ سۈرۈلۈپ بارىدۇ ــ دە، كۈندۈز ئۇزىرىشقا باشلايدۇ. ئاسترونومىيىدە قىشقى تۇرۇم شىمالىي يېرىم شاردا قىش پەسلىنىڭ باشلىنىشى دەپ بەلگىلەنگەن. يازغى تۇرۇم ھەر يىلى 6 ــ ئاينىڭ 22 ــ كۈنىدىن ئىلگىرى ــ كېيىن قۇياش بۇرج يولىنىڭ 90° (يازغى تۇرۇم نۇقتىسى) غا يەتكەندە باشلىنىدۇ. شۇ كۈنى ئاپتاپ سەرەتان سىزىقى (مەدارىل سەرەتان، يەنى شىمالىي پاراللېل 23°27′) غا ئۇدۇل چۈشىدۇ. شىمالىي يېرىم شاردا كۈندۈزى ئەڭ ئۇزۇن بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاپتاپنىڭ چۈشۈش ئورنى جەنۇبقا سۈرۈلۈۋېرىدۇ، كۈندۈز قىسقىراۋېرىدۇ. ئاسترونومىيىدە يازغى تۇرۇم شىمالىي يېرىم شاردا ياز پەسلىنىڭ باشلىنىشى دەپ بەلگىلەنگەن.

# ئەسىر ۋە قىران

100 يىل ــــ بىر ئەسىر، خەلقئارادا كۆپچىلىك ئەسىرنى نۆلدىن باشلاپ ھېسابلاشنى ئادەت قىلغان. چۈنكى نۆل بولسا ئەرەب سىپىرلىرىدە 10 سانىنىڭ دەسلەپكى خانىسى ھېسابلىنىدۇ. مىلادىيىنىڭ بىرىنچى ئەسرى 1 ــ يىلىدىن 99 ــ يىلىغىچە ھېسابلانغاندىن باشقا، ئۇنىڭدىن كېيىنكىلىرى نۆلدىن باشلاپ سانالغان. مەسىلەن، XX ئەسىر 1900 ــ يىلىدىن 1999 ــ يىلىغىچە، 2000 ــ يىلىدىن باشلاپ XXI ــ ئەسىر ھېسابلىنىدۇ. يەنە بىر ئەسىرنى ئون يىلدىن ئون بۆلەككە ئايرىش ئادىتىمۇ بار. خەلقئارا ئادەتتە ئەسىرنىڭ 10 دىن بىر بۆلىكىنى «يىللار» (ئۆد) دەپ ئاتايدۇ. مەسىلەن، 1900 ــ يىلىدىن 1909 ــ يىلىغىچە XX ئەسىرنىڭ باشلاپقى ئون يىلى (ئۆدى)، 1910 ــ يىلىدىن 1919 ــ يىلىغىچە XX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى ئون يىلى (ئۆدى)، 1920 ــ يىلىدىن 1929 ــ يىلىغىچە XX ئەسىرنىڭ 20 ــ يىللىرى (ئۈچىنچى ئۆدى)، 1930 ــــ 1939 ــ يىللار XX ئەسىرنىڭ 30 ــ يىللىرى (تۆتىنچى ئۆدى) دېگەن تەرتىپ بويىچە ھېسابلىنىدۇ. 90 ــ يىللار (ئونىنچى ئۆد) 1990 ــ 1999 ــ يىلنى كۆرسىتىدۇ.

بۇنداق ھېسابلاشتىن باشقا، بەزىلەر مەيلى ئەسىر ياكى يىللار بولسۇن، بىرىنچى يىلدىن باشلاپ ھېسابلىنىشى كېرەك دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، XXI ئەسىر 2001 ــ يىلىدىن باشلىنىشى كېرەك، XX ئەسىرنىڭ 90 ــ يىللىرى 1991 ــ يىلىدىن 2000 ــ يىلىغىچە بولۇشى كېرەك ئىدى، چۈنكى مىلادىيە باشلانغان چاغدا نۆل يىلى يوق ئىدى، بىرىنچى يىلدىن باشلانغاندى دەپ ئاساس كۆرسىتىدۇ.

قەدىمكى ئاتا ــ بوۋىلىرىمىز يىللارنى 60 يىللىق دەۋرىي (ئايلانما) سىستېمىسى بىلەن ھېسابلاش قائىدىسىنى ئۆزلەشتۈرگەن. 60 يىللىق دەۋرمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۈچ قاتلىنىپ، 180 يىللىق چوڭ دەۋرنى تەشكىل قىلغان؛ شۇنىڭدەك، 60 يىل يەنە ئۈچكە تەقسىم قىلىنىپ، 20 يىللىق ــــ

«كىچىك قىران» دېيىلىدىغان ۋاقىت بوْلوْنمىسى، يەنى يۇلتۇزلارنىڭ قوشۇلۇش مۇددىتى ھېسابلانغان.
قىران ـــ جۈپلىشىش، قوشۇلۇش دېگەن سۆز. بۇنىڭدىن تۈرلىنىپ، كېڭەيگەن مەنىسى شۇكى، ئىككى سەييارىنىڭ بىر بۇرج، بىر دەرىجە ۋە بىر دەقىقىدە بىر ـ بىرىگە دۇچ كېلىشى. مەسىلەن، مۇشتەرى ۋە زۇھەلنىڭ قىران پەيتى ھەر 19 يىل 314 كۈندە بولىدۇ. بۇ ـــ كىچىك قىران؛ ھەمەل، سەرەتان، مىزان ۋە جەدىنىڭ قىران پەيتى ھەر 240 يىلدا بىر كېلىدۇ، بۇ ـــ ئوتتۇرا قىران؛ ھەمەل بۇرجىدا 960 يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان پەيتى ـــ چوڭ قىران.
قەدىمكى مۇنەججىملەرنىڭ نۇقتىئىنەزەرىچە، يەنە «مۇقابىلە» (قارىمۇقارشى) بار، مۇقابىلە ـــ ئىككى سەييارىنىڭ قارىمۇقارشى بۇرجلاردا بولۇشى. ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن يىراقلىقى يېرىم دائىرىچە، يەنى 180° پەرق قىلىدۇ. دېمەك، قىران ۋە مۇقابىلە ـــ ئىككى يۇلتۇزنىڭ بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن تۇتقان ئورنى.
ئوتتۇرا ئەسىر كلاسسىك ئەدىبلىرى، جۈملىدىن ئەلىشىر نەۋائىي بىر قەرن (قەرنە) نى 30 يىل ھېسابلىغان، يەنى 60 يىللىق دەۋرىي سىستېما بويىچە، 60 يىلنى ئىككىگە بۆلۈشتىن چىققان بولسا كېرەك. دېمەك، ھازىرقى ئىستېمالدا، قىران چۈشەنچىسى ئىككى خىل، بىر خىلى بويىچە قىران ـــ 25 يىلغا تەڭ، يەنى بىر ئەسىر تۆت قىرانغا بۆلۈنىدۇ. ئادەتتە كىشىلەرنى «قىرانغا يەتتى» دېگەنلىك 25 ياشقا تولدى، جۈپلىشىش ـ نىكاھلىنىش مۇددىتىگە يەتتى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بىر خىل چۈشەنچە بويىچە قىران ـــ تەخمىنەن 30 يىلغا تەڭ بولۇپ، بىر ئەسىرنىڭ ئۈچتىن بىرى نەزەردە تۇتۇلىدۇ.
بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، 180 يىللىق چوڭ دەۋرنىڭ «تەربىئ» (تۆتتىن بىر) ـــ 60 يىللىق دەۋرچىسىنىڭ بىرىنچى ئېيىنىڭ بىرىنچى كۈنى (شەمسىيە كالېندارىنىڭ بىرىنچى كۈنى) مىلادىيە 4 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى باشلانغان. شۇڭا مىلادىيە يىلى مۇچەل يىلىدىن ئۈچ يىل كەم بولغان.

# كالېندار ياكى تەقۋىم

كالېندار ياكى تەقۋىم ـــ ۋاقىت ھېساب جەدۋىلى بولۇپ، سەييارىلەرنىڭ ھال ۋە ھەرىكەتلىرىگە قاراپ، ۋاقىت بىرلىكىنى ئايرىپ چىقىش ئۇسۇلى؛ ئىنسانلار جەمئىيىتىدە جامائەتنىڭ تۇرمۇشى، دىنىي مۇراسىم، تارىخ ياكى ئىلىمنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، ۋاقىت (كۈنلەر)نى كومبىناتلاشتۇرۇش (گۇرۇپپىلاشتۇرۇش) ئۇسۇلى. قىسقىسى، كالېندار ياكى تەقۋىم ـــ يىل، ئاي، كۈنلەرنىڭ دەۋر قىلىشىنى بەلگىلەش ئۇسۇلىدۇر.

قەدىمكى مەدەنىي مەملىكەتلەردە، كىشىلەرنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ دەۋر قىلىشى توغرىسىدىكى تونۇشلىرى ۋە ھېسابلاشتىن ھاسىل قىلغان سانلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ۋاقىت ھېسابلاشنىڭ ئۇسۇللىرى، يەنى كالېندارلىرىمۇ ھەرخىل بولغان. مەسىلەن، قەدىمكى دەۋردىكى ئوتتۇرا شەرقتە: سۇمېر ـــ بابىل كالېندارى، قەدىمكى مىسىر كالېندارى؛ غەربتە: قەدىمكى گرېك (ھېللىن) كالېندارى، بالدۇرقى رىم كالېندارى ۋە كېيىنكى يۇلىئان كالېندارى بولغان. ئامېرىكا قىتئەسىدە مايا كالېندارى، ئاستېك كالېندارى، پېرودا ئىنكا كالېندارى ۋە شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىندىئانلارنىڭ ۋاقىت ھېسابلاش ئۇسۇلى ۋە باشقىلار بولغان. شۇ خىلمۇ خىل كالېندارلارنى يىغىنچاقلىغاندا ئۈچ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئاي كالېندارى، كۈن كالېندارى ۋە ئاي ـ كۈن كالېندارى.

**ئاي كالېندارى (قەمەرىيە)** ـــ بۇنىڭدا تولۇن بىلەن ھىلالنىڭ بىر قېتىم ئالمىشىشى ئاساس قىلىنىپ، ئاي ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بەلگىلەنگەن. بۇنىڭدىن پۈتۈن سان ھاسىل قىلىنىپ، چوڭ ئاي 30 كۈن، كىچىك ئاي 29 كۈن، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 29.5 كۈندىن تەرتىپلەنگەن؛ بىر يىل 354 كۈن ھېسابلانغان. ھەر ئايدا 0.030 كۈنلۈك كەم ساننى تولۇقلاش ئۈچۈن، كەبىسە يىلىغا بىر كۈن قوشۇلۇپ، 355 كۈن قىلىنغان.

**كۈن كالېندارى (شەمسىيە)** ـــ بۇ كالېندارنىڭ تۈپ بىرلىكى ـــ يىل. بۇنىڭدا تروپىك يىل ئاساس قىلىنىپ، يىلنىڭ ئۇزۇنلۇقى (كۈنلىرىنىڭ سانى) بەلگىلەنگەن، يىلنىڭ ئۇزۇنلۇقى 365.2422 كۈنگە يېقىن كېلىدۇ. قەدىمكى زاماندا، ھەر مىللەتتە يىلنىڭ كۈن سانى ھەر خىل بولغان (مىسىرلىقلاردا 365 كۈن، رىملىقلاردا 355 كۈن). مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 46 ـ يىلى رىم ھۆكۈمدارى يۇلى سىزار مىسىر ئاسترونومى سوزىگىنىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، كۈن كالېندارىنى ئىسلاھ قىلغان. ئىسلاھ قىلىنغان كالېندار يۇلىئان كالېندارى دەپ ئاتالغان. بۇ كالېنداردا، ھەر تۆت يىلنىڭ ئۈچ يىلى 365 كۈندىن بولۇپ، شۇ يىلى كەبىسە قىلىنىپ 366 كۈن ھېسابلانغان. ھازىر خەلقئارادا كۆپ قوللىنىۋاتقان مىلادىيە كالېندارى كۈن كالېندارىنىڭ تىپىدۇر.

**ئاي ـ كۈن كالېندارى** ـــ ئايلارنىڭ كۈن سانلىرى ئاي كالېندارىدىكى بىلەن ئوخشاش. لېكىن يىلنىڭ ئومۇمىي كۈن سانىنى كەبىسە ئاي ئارقىلىق ياندۇرقى يىلنىڭ ئومۇمىي كۈن سانىغا يېقىنلاشتۇرىدۇ. كەبىسە ئاينىڭ رەت تەرتىپىمۇ ئوخشاش ئەمەس. بۇنىڭدا 12 ئايلىق يىللارمۇ بار. قەدىمكى بابىل، گرېك (ھىللىن)، يېۋرى (يەھۇدىي) ۋە جۇڭگونىڭ دېھقان كالېندارلىرى تىپىك ئاي ـ كۈن كالېندارى ھېسابلىنىدۇ.

**كەبىسە**

كەبىسە ـــ ئەرەبچە «قىستۇرۇلغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. خەنزۇچىدا «رۇن» دېيىلىدۇ. بۇ سۆز «قالدۇق»، «قالدۇق سان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كۈن كالېندارىدا كەبىسە كۈن، كەبىسە ئاي، كەبىسە يىل بولىدۇ.

**كەبىسە كۈن** ـــ كۈن كالېندارىدا ئاددىي يىل 365 كۈنلا بولىدۇ، قۇياش ـــ ياندۇرقى يىلىغا قارىغاندا ھەر يىلى بەش سائەت 48 دەقىقە 46 سانىيە پەرق قىلىدۇ، بۇ پەرق تۆت يىلدا جەمئىي بىر كۈن بولۇپ، 2 ـ ئايغا قوشۇلىدۇ ـ دە، 28 كۈنلۈك 2 ـ ئاي 29 كۈن قىلىنىدۇ.

قوشۇلغان بىر كۈن «كەبىسە كۈن» دېيىلىدۇ.

**كەبىسە ئاي** ـــ ئاي ـ كۈن كالېندارىدا بىر ئاينىڭ ئوتتۇرىچە ئۇزۇنلۇقى 29.5306 كۈن، بىر يىلدا 12 ئاي بولۇپ، ياندۇرقى يىل (365.2422 كۈن) دىن 10 كۈن 21 سائەت پەرق قىلغاچقا، كەبىسە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، يەنى ئۈچ يىلدا بىر ئاي، بەش يىلدا ئىككى ئاي، 19 يىلدا يەتتە ئاي كەبىسە قىلىنىدۇ. مەزكۇر قوشۇلغان ئاي «كەبىسە ئاي» دېيىلىدۇ.

**كەبىسە يىل** ـــ كۈن كالېندارىدا كەبىسە كۈنى بولغان (يەنى 2 ـ ئاي 29 كۈن كەلگەن) يىل ياكى ئاي ـ كۈن كالېندارىدا كەبىسە ئاي بولغان (يەنى بىر يىل 13 ئاي كەلگەن) يىل.

## كالېندارلارنىڭ تۈرلىرى

دۇنيانىڭ ھەرقايسى رايونلىرىدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ تەبىئىي شارا-ئىت ۋە پەلەك ھادىسىلىرىنى چۈشىنىشى ھەرخىل بولغانلىقتىن، ۋاقىت توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرىمۇ ھەرخىل بولغان. جۈملىدىن ئىشلەپچىقى-رىشنىڭ تەرەققىياتى داۋامىدا كىشىلەرنىڭ تەبىئەت ۋە پەلەكىيات قانۇنلى-رىنى تونۇش سەۋىيىسىمۇ ئۆسۈپ بارغان. شۇڭا، ھەر خىل كالېندارلار كەشىپ قىلىنغان ۋە ئىسلاھ ئارقىلىق مۇكەممەللىشىپ بارغان.

**ئەڭ قەدىمكى كۈن كالېندارى** ـــ تارىختا قۇياش يىلى بويىچە ۋاقىت ھېسابلاشنى قەدىمكى مىسىرلىقلار ئىجاد قىلغان. مىسىرلىقلار يىلنى 12 ئايغا بۆلۈپ، ھەر ئاينى 30 كۈندىن قىلغان؛ يىل ئاخىرىدا بەش كۈن قوشۇپ، بۇنى بايرام كۈنلىرى قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىر يىل 365 كۈن بولغان. مىسىرلىقلار ئىجاد قىلغان كۈن كالېندارىنىڭ قاچاندىن باشلاپ قوللىنىلغانلىقى توغرىسىدا تۆت خىل رىۋايەت بار، يەنى مىلادىيە-دىن ئىلگىرىكى 4241 ـ يىلى، ئىلگىرىكى 4236 ـ يىلى، ئىلگىرىكى 2781 ـ يىلى، ئىلگىرىكى 1881 ـ يىلى.

**قەدىمكى مىسىرنىڭ كۆن كالېندارى** — تروپىك يىل ھېسابىدىن بىر يىلدا 0.2422 كۈن، تۆت يىلدا بىر كۈن، 1460 يىلدا بىر يىل پەرق قىلغان. قەدىمكى مىسىرلىقلار بۇ پەرقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن كالېندارنى ئىسلاھ قىلىپ، بىر يىلنى 365.25 كۈنگە ئۆزگەرتكەن. مەزكۇر كالېندار ئىسلاھاتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تاش ئابىدە 1866 ــ يىلى نىل دەريا دېلتىسىدىن تېپىلغان. بۇ تاش ئابىدە، مەلۇم بولۇشىچە، مىلادىيىدىن ئىلگىرى 235 ــ يىلى 3 ــ ئاينىڭ 7 ــ كۈنى ئورنىتىلغانىكەن. ئابىدىگە پادىشا پتولومېئۇس Ⅲ نىڭ (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 246 ـــ 221 ــ يىللار) بۇيرۇقى ئويۇلغان. بۇيرۇقتا بەلگىلىنىشىچە، ھەريىلى قوشۇلغان بەش كۈن بايرام قىلىنىدۇ، ھەر تۆت يىلى ئالتە كۈنگە ئۆزگەرتىلىدۇ، بۇ يىل كەبىسە يىلى بولىدۇ. ھازىر دۇنيادا كەبىسە يىلى قىلىش ئەنە شۇنىڭدىن باشلانغان. قەدىمكى مىسىرنىڭ كۆن كالېندارى (شەمسىيە) كېيىنكى چاغلاردا مىلادىيە كالېندارىنىڭ شەكىللىنىشىدە چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان.

**قەدىمكى مېسوپوتامىيىنىڭ ئاي كالېندارى** ـــ قەدىمكى مېسوپوتامىيە كىشىلىرى ئاسمان ھادىسىلىرىنى خېلى بالدۇرلا كۆزەتكەن. سۇمىر ئاكاد دەۋرىدە، ئاينىڭ ھەرىكەتلىنىش قانۇنىيىتىنى كۆزىتىش ئاساسىدا ئاي كالېندارى تۈزۈلگەن. ئۇلار ئاينىڭ ئىككى قېتىم تۇغۇلۇش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 29 كۈن 44 دەقىقە $3\frac{1}{3}$ سانىيەنى بىر ئاي ھېسابلىغان. ھەر ئايىنى 29 ياكى 30 كۈن، بىر يىلنى 12 ئاي، بۇ ئايلارنىڭ ئالتىسىنى 29 كۈندىن، ئالتىسىنى 30 كۈندىن قىلىپ بەلگىلىگەن. بۇنىڭدا بىر يىل 354 كۈن بولۇپ، كۆن كالېندارىنىڭكىدىن 11 كۈندىن ئارتۇقراق قىسقا بولغان. بۇ قىسقا ۋاقىتنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، كەبىسە ئاي قوشۇپ تەڭشىگەن. دەسلەپتە، كەبىسەنى تەجرىبە بويىچە قىلغان، بۇنىڭدا بەزى يىلغا بىرئاي، بەزى يىلغا ئىككى ئاي قوشقان. پادىشاھ ئۇردى Ⅲ زامانىدا، بىر يىلغا ئۈچ ئاي قوشۇش ئەھۋالمۇ بولغان.

قەدىمكى بابىل دەۋرىدە پادىشاھ ھامۇرابى كەبىسە ئاينى بەلگىلەش بۇيرۇ-قىنى چۈشۈرگەن. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى VI ئەسىردىن كېيىن، بابىللىق-لار سەككىز يىلدا ئۈچ كەبىسە ۋە 27 يىلدا ئون كەبىسە قىلىشنى بەلگىلىگەن.

**قەدىمكى رىمنىڭ يۇلىئان كالېندارى** — رىمنىڭ قەدىمكى كالېندارى، يەنى ئاي - كۈن كالېندارى بولۇپ، بەك قالايمىقان ئىدى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 46 - يىلى يۇلىئۇس سىزار مىسىرلىق ئاسترونوم سوزىگىنىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىدە، كالېندارنى ئىسلاھ قىلىپ، «يۇلىئان كالېندارى» دېيىلگەن يېڭى كالېندارنى تۈزگەن. بۇنىڭدا بەلگىلىنىشچە: (1) تۆت يىلنىڭ ئالدىنقى ئۈچ يىلى 365 كۈندىن بولۇپ، ئاددىي (تەكشى) يىل بولىدۇ، 4 - يىلى 366 كۈن بولۇپ، كەبىسە يىل قىلىنىدۇ؛ (2) بىر يىل 12 ئاي، تاق ئايلار چوڭ ئاي بولۇپ، 31 كۈندىن، 2 - ئاي (فېۋرال) ئاددىي يىلدا 29 كۈن، كەبىسە يىلدا 30 كۈن، قالغان جۈپ ئايلار كىچىك ئاي بولۇپ، 30 كۈندىن، ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 365.25 كۈندىن ھېسابلانغان. بىر كالېندار يىلى بىلەن قۇياش يىلى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق 0.0078 كۈنلا بولغان.

رىم ئىمپېرىيىسىنى قۇرغۇچى گايۇس ئوكتاۋىئۇس (Gaius Octavius، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 30 - يىلدىن كېيىنكى 14 - يىلى) يۇلىئان كالېندارىغا ئۆزگىرىش كىرگۈزگەن، يەنى ئۆزى تۇغۇلغان 8 - ئاي، يەنى 30 كۈنلۈك كىچىك ئاينى 31 كۈن قىلىپ، مەۋلۇدىنى تەبرىكلەش ۋاقتىنى ئۇزارتقان. 8 - ئايغا قوشۇلغان بىر كۈننى 2 - ئايدىن ئېلىپ، 2 - ئاينى 28 كۈنگە ئۆزگەرتكەن ۋە كەبىسە يىلدا 29 كۈن قىلغان. شۇنىڭدەك، ئۇ 8 - ئايدىن كېيىنكى ئايلارنىڭ كۈن سانلىرىنى تەڭشەپ، 9 -، 11 - ئايلارنى كىچىك ئاي، 10 -، 12 - ئايلارنى چوڭ ئاي قىلىپ ئۆزگەرتىۋەتكەن. يۇلىئان سىزار تۈزۈپ، ئوكتا-ۋىئۇس ئۆزگەرتكەن مەزكۇر كالېندار كېيىنكى خەلقئارا ئورتاق (مىلادىيە) كالېندارىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالغان.

قەدىم زاماندا رىملىقلار يىل ھېسابىنى رىمنىڭ بىنا بولۇشىدىن باشلاپ تەخمىنەن مۆلچەرلىگەن. رىم ئىمپېرىيىسى يىقىلغاندىن كېيىنمۇ رىم كالېندارى غەربىي ياۋروپادا داۋام قىلىۋەرگەن. پەقەت 1284 ـ يىلى خرىستىئان روھانىيلىرىدىن ئالىم دىئونىس (Dionyision Hilikaarnasseun) يىل ھېسابىنى «ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنى» دىن باشلاپ ساناشنى تەكلىپ قىلغان. دىئونىس «ئەيسا پەيغەمبەر بۇنىڭدىن 532 يىل بۇرۇن تۇغۇلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن كېيىنكى يىلنى ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلغىنىغا بىر يىل بولغان يىل دېگەن پەرەز بىلەن 533 ـ يىل دەپ ھېسابلاش كېرەك» دەپ ئېلان قىلغان. دىئونىس 532 سانىنى 28 بىلەن 19 نىڭ كۆپەيتمىسىدىن ھاسىل قىلغان. ئۇنىڭ ھېسابىچە، 28 يىلدىن كېيىن ئاي يەنە شۇ ئۆزىنىڭ باشلانغان ھەپتىسى ۋە كۈنىگە توغرا كېلىدىكەن. بۇ قائىدىنى ئۇ كۈن دائىرىسى دەپ ئاتىغان. 19 سانى ئاي دائىرىسى دېيىلگەن قائىدە بىلەن ئالاقىدار ئىكەن، يەنى 19 يىلدىن كېيىن ئاي فازىلىرى (ھىلال ئاي، تولۇن ئاي) يەنە شۇ ئۆزى باشلانغان ئاي ـ كۈنلىرىگە توغرا كېلىدىكەن.

**ئورتاق (مىلادىيە) كالېندارىنىڭ شەكىللىنىشى** ـــ مىلادىيە كالېندارى ھازىر دۇنيادا ئاساسەن ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىۋاتقان كالېندار-دۇر. بۇ گرىگورى كالېندارى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ كالېندارنى رىم پاپاسى گرىگورى XIII يۇلىئان كالېندارىنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، 1532 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئېلان قىلىپ يولغا قويغان. گرىگورى كالېندارىدا بىر يىل 365.25 كۈن بولۇپ، قۇياش يىلىنىڭ كۈنى (365.242 كۈن) دىن 0.0078 كۈن ئۇزۇن بولغاچقا، 128 يىل ئۆتكەندە قۇياش يىلىدىن بىر كۈن پەرقلىنىدىكەن. مىلادىيە 325 ـ يىلى رىم ئىمپېراتورى كونستانتىن نىسىيە شەھرىدە ئومۇمىي خرىستىئان يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، بارلىق خرىستىئان مەملىكەتلىرى يۇلىئان كالېندارىنى قوللىنىشنى قارار قىلغان. XVI ئەسىرگە كەلگەندە، تروپىك يىلىنىڭ 3 ـ ئېيىنىڭ 21 ـ كۈنى (ئەتىيازغى تەڭكۈن كۈنى) يۇلىئان كالېندارىدىكىدىن بالدۇر، يەنى 3 ـ ئاينىڭ 11

— كۈنى كېلىپ، يۇلىئان كالېندارى بىلەن ئەمەلىي تۇرۇم كۈن ئوتتۇرى-
سىدا ئون كۈن پەرق بولغان. بۇ پەرقنى يوقىتىش ئۈچۈن، 1582 —
يىلى گرىگورى XIII رىياسەتچىلىكىدە كالېندار ئىسلاھ قىلىنغان ۋە ئىتالى-
يىلىك تەبىب — ھەكىم لىلىئو (Lelio) نىڭ ئىسلاھات لايىھىسىنى قوبۇل
قىلغان. بۇ ئىسلاھاتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: ① يۇلىئان كالېندارى بىلەن
تروپىك يىلى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى يوقىتىش ئۈچۈن، 1582 — يىلىدىكى
10 — ئاينىڭ 5 — كۈنىنى 10 — ئاينىڭ 15 — كۈنى قىلىپ ھېسابلىغان؛
② يۇلىئان كالېندارىدا 400 يىلدا 100 كەبىسە يىل قىلىشنى، 400 يىلدا
97 كەبىسە قىلىپ، 100 يىللىق تۆپ سانىنى 400 گە بۆلگىلى بولمايدىغان
(مەسىلەن، 1700 —، 1800 —، 1900 —، 2100 —) يىللاردا كەبىسە قىلماسلىق،
ئۇنىڭدىن قالغانلىرىدا تۆت يىلدا بىر كەبىسە قىلىش دەپ بەلگىلەنگەن.
ئىسلاھ قىلىنغاندىن كېيىنكى كالېنداردا، بىر يىل 365.2425 كۈن بولۇپ،
تروپىك يىلدىن ئاران 0.0003 كۈنلا پەرق قىلغان. يىل ھېسابى يۇلىئان
كالېندارىدىن تېخىمۇ توغرا بولغان. بۇ يېڭى كالېندار گرىگورىئان كالېندا-
رى دەپ ئاتالغان.

**ئىسلام كالېندارى ۋە ئىران كالېندارى** —— ئىسلام كالېندارى
ھىجرىيە كالېندارى دەپ ئاتىلىدۇ. «ھىج» سۆزى ئەرەبچىدە «كۆچۈش»
دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مۇھەممەد پەيغەمبەر مىلادىيە 622 — يىلى 9 — ئاينىڭ
24 — كۈنى مەككىدىن يەسرىب (كېيىن ئۆزگەرتىلگەن نامى مەدىنە)
گە كۆچۈپ كەلگەن. كېيىن، ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر شۇ يىلنى ئىسلام
كالېندارى بويىچە ئېرانىڭ باشلىنىشى قىلىپ بەلگىلىگەن ۋە شۇ يىلدىكى
ئەرەب قەمەرىيە يىلىنىڭ يىل بېشى (622 — يىلى رەجەپ ئاي، يەنى
7 — ئاينىڭ 16 — كۈنى) نى ئىسلام كالېندارى بويىچە بىرىنچى يىلنىڭ
نورۇزى قىلىپ بەلگىلىگەن. خەلىپە ئۆمەر ھىجرىيە 1 — يىلىدىكى نورۇزنى
قەمەرىيە كالېندارىدىكى نورۇز بىلەن بىردەك قىلىش ئۈچۈن، مۇھەممەد
پەيغەمبەرنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ۋاقتىنى ئىككى ئاي بىرنەچچە
كۈن ئىلگىرى سۈرگەن.

ھجرىيە كالېندارى ئاينىڭ يەر شارىنى بىر ئايلىنىپ چىقىشىنى بىر يىل ھېسابلايدىغان ئاي كالېندارىدۇر. بۇنىڭدا بىر يىل 12 ئاي، تاق ئايلار 30 كۈندىن، جۈپ ئايلار 29 كۈندىن كېلىدۇ، كەبىسە ئاي قوشۇلمايدۇ. بىر يىل 354 كۈن بولىدۇ. ھەر 30 يىلدا 11 كەبىسە كۈن قىلىنىپ، كەبىسە يىلنىڭ ئاخىرقى بىر ئېيىدا بىر كۈن ئارتۇق كېلىپ، بىر يىل 355 كۈن ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، ھجرىيە كالېندارىدا، بىر يىل 354 كۈن 8 سائەت 48 دەقىقە بولۇپ، تروپىك يىلدىن 10 كۈن 21 سائەت 1 دەقىقە قىسقا. بۇ پەرقلەنگەن ۋاقىت جەملىنىپ، 2.7 تروپىك يىلدا بىر ئاي، 32.4 يىلدا بىر يىل كەم چىقىدۇ. ئادەتتە، مىلادىيە كالېندارىدا 32 يىل ئۆتكەن بولسا، ھجرىيە كالېندارىدا تەخمىنەن 33 يىل ئۆتكەن بولىدۇ. شۇڭا، رامىزان ۋە ئىككى ھېيت ھەمىشە بىر ۋاقىتتا كەلمەي، يۆرۈشۈپ تۇرىدۇ. بىر يىلى ياز كۈنلىرىدە كەلسە، سەككىز يىلدىن كېيىن قىش كۈنلىرىدە، 16 يىلدىن كېيىن كۈز كۈنلىرىدە، 32 يىلدىن كېيىن يېڭىۋاشتىن يەنە شۇ ياز كۈنلىرىدە كېلىدۇ. ھەر 32 يىلدا (مىلادىيە ھېسابىدا)، رامىزان ئېيى ۋە باشقا بايراملار 33 مەرتىۋە توغرى كېلىدۇ.

ھجرىيىنىڭ 1088 ـ يىلى ئوسمان سۇلتانلىقى ئىسلام كالېندارى بىلەن بىللە يۇلىئان كالېندارىنىمۇ قوللىنىشنى ئېلان قىلغان. 1925 ـ يىلى ئىران پەھلەۋى پادىشاھلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنى ھجرىيە 1304 ـ يىلى ئىراننىڭ شەمسىيە كالېندارىنى قوللىنىشنى جاكارلىغان. ئىران شەمسىيە كالېندارىدا، بىر يىل 12 ئاي، ئالدىنقى ئالتە ئاي 31 كۈندىن، كېيىنكى بەش ئاي 30 كۈندىن، پەقەت 12 ـ ئاي ئاددىي يىلدا 29 كۈندىن، كەبىسە يىلدا 30 كۈندىن، ھەر يىلى ئەتىيازغى تۇرۇم ۋاقتى، يەنى مىلادىيە 3 ـ ئاينىڭ 21 ياكى 22 ـ كۈنى يېڭى يىل نورۇزى قىلىپ ھېسابلانغان. مىلادىيە 1976 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئىران پادىشاھى ئىران كالېندارى بويىچە يىل ھېسابىنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 558 ـ يىلدىن، يەنى پادىشاھ كىرۇس (كىر) نىڭ قەدىمكى پارس ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاساسىنى قۇرغان يىلدىن باشلاپ ھېسابلاشقا ئۆزگەرتكەن

ۋە بۇ كالېندارنى ئىمپېرىيە كالېندارى دەپ ئاتىغان. 1978 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، ئىران ھۆكۈمىتى ئىمپېرىيە كالېندارىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، قايتىدىن ھىجرىيە كالېندارىنى قوللانغان.

**يەھۇدىي كالېندارى** ــ يەھۇدىيلار ئۆز دىنىي ئەقىدىسى بويىچە، خۇدا دۇنيانى ياراتقان يىلىنى بىرىنچى يىل دەپ ھېسابلىغان، يەھۇدىي ئېراسى مىلادىيىدىن ئىلگىرى 3760 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنىدىن باشلانغان، يەنى ئەيسا پەيغەمبەر تۇغۇلۇشتىن 3760 يىل ئۈچ ئاي ئىلگىرى سۈرۈپ ھېسابلانغان. مەسىلەن، 2000 ـ يىلى يەھۇدىي ئېراسى بويىچە 5760 يىل بولىدۇ.

**بۇددا كالېندارى** ــ بۇددا دىنىنىڭ كەشپىياتچىسى سىكامۇنى ۋاپات قىلغان يىلى بۇددا ئېراسىنىڭ 1 ـ يىلى دەپ ھېسابلانغان. لېكىن سىكامۇنىنىڭ ۋاپات قىلغان يىلى توغرىسىدىكى رىۋايەت ئوخشاش ئەمەس، بۇنداق رىۋايەتلەر 60 خىلدىن ئارتۇق. كەڭرەك تارقالغان رىۋايەتتە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 543 ـ يىلى دەپ سۆزلىنىدۇ. دېمەك، بۇددا كالېندارى بويىچە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 543 ـ يىلى 1 ـ يىل ھېسابلىنىدۇ.

**ھىندۇ سىكا كالېندارى** ــ سىكا ئېراسى بىر رىۋايەتتە كۇشان ئىمپېراتورى كانىشكا تەختكە ئولتۇرغان چاغدىن باشلىنىدۇ دېيىلسە، يەنە بىر رىۋايەتتە ماھارىتا پادىشاھى سىرىۋاھاسۇن ۋاپات قىلغان چاغدىن باشلىنىدۇ دېيىلىدۇ؛ باشقا بىر رىۋايەتتە، ناھاپانا جەمەتىدىن سىكا (ئەسلىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاپ، كېيىن ھىندىستاننىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە كۆچۈپ كېلىپ بىرقانچە پادىشاھلىقنى قۇرغان قوۋملەر) ئەمىرلىرىدىن باشلىنىدۇ دېيىلىدۇ. سىكا ئېراسى مىلادىيە 78 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن باشلانغان. ھىندىستاندا 1957 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن باشلاپ، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن كالېندار قوللىنىلغان، يەنى سىكا كالېندارى ئاساس قىلىنغان. بىر يىل 12 ئاي، ئاددىي يىل 365 كۈن بولۇپ، ئالدىنقى بەش ئاي 31 كۈندىن، كېيىنكى

يەتتە ئاي 30 كۈندىن،كەبىسە يىلى 366 كۈن بولۇپ، ئالتە ئاي 31 كۈندىن، ئالتە ئاي 30 كۈندىن ھېسابلانغان. سىكا كالېندارى بويىچە بىرىنچى يىلغا 78 قوشۇلىدۇ. ئاندىن مىلادىيە كالېندارىدىكى كەبىسە ئۇسۇلى بىلەن كەبىسە يىل بەلگىلىنىدۇ.

**بىرما كالېندارى** ـــ يىل بېشى مىلادىيە 638 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن باشلىنىدىغان كىچىك كالېندار. بىرمادا ساگان بۇپشۇ ئارخان، يەنە بىر رىۋايەتتە تايلاندنىڭ قەدىمكى پادىشاھى پارادىن باشلانغان دېيىلىدۇ. بۇ كالېندار كۆپىنچە بىرما، تايلاند ئاھالىلىرى ئارىسىدا قوللىنىلىدۇ.

**ياپونىيە كالېندارى** ـــ ياپونىيىدە ئىككى خىل ئېرا ھېسابى بار. بىرى ـــ پادىشاھلىقنىڭ باشلىنىش ئېراسى، يەنى بىرىنچى مىكادو (پادى-شاھ) تەختكە چىققان، يەنى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 660 ـ يىلى مىكادو شېنۋۇ تەختكە ئولتۇرغان ۋاقىتتىن باشلىنىدىغان ئېرا. بۇ ھېساب بويىچە، 2000 ـ يىلى ياپونىيىنىڭ پادىشاھلىق ئېراسىغا 2660 ـ يىل ئۆتكەن بولىدۇ. يەنە بىر خىل ھېساب بويىچە، ھازىرقى مىكادونىڭ پادىشاھلىق يىلىدىن باشلىنىدىغان ئېرا، بۇنىڭدا، 1868 ـ يىلى مېجى 1 ـ يىلى، مىلادىيە 1912 ـ يىلى داجېڭ 1 ـ يىلى، 1926 ـ يىلى جاۋخې 1 ـ يىلى باشلانغان.

**كورىيىنىڭ تەن ئېراسى** ـــ رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، كورىيە-نىڭ دەسلەپكى پادىشاھى تەن تەختكە ئولتۇرغان ۋاقىتتىن باشلانغان ئېرا، مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2333 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ

## ھىجرىيە ۋە مىلادىيە يىللىرىنى بىر ـ بىرىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش ئۇسۇلى

بىرەر ۋەقەنىڭ ھىجرىيە نەچچىنچى يىلدا بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، شۇ چاغدا مىلادىيە يىلىغا قانچە ئىكەنلىكىنى بىلىشكە توغرا كەلسە، مەزكۇر ھىجرىيە يىلىنى 33 كە بۆلىمىز؛ ھاسىل بولغان بۆلۈنمىنى ھىجرىيە

يىلىنىڭ بىزگە مەلۇم ساندىن ئالىمىز. ئاندىن قالغان سانغا 623 نى قوشساق، بىز بىلىشكە تېگىشلىك سان، يەنى ھىجرىيە يىلىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان مىلادىيە يىلى كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ فورمۇلىسى:

$$م=623+[(ھ:33)-ھ]$$

مەسىلەن، مەھمۇت كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى تۈزۈپ تۈگەتكەن ۋاقتى ھىجرىيە 467 ـ يىلى ئىدى. بۇ يىل مىلادىيە قانچىنچى يىلىغا توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولساق، 467 نى 33 كە بۆلىمىز، 15 چىقىدۇ، بۇ 15 نى 467 دىن ئېلىپ تاشلىساق 452 قالىدۇ. بۇنىڭغا 623 نى قوشساق 1075 ـ چىقىدۇ. دېمەك، ھىجرىيە 467 ـ يىلى مىلادىيە 1075 يىلىغا توغرا كەلگەن بولىدۇ. مىلادىيە 1075 يىلى ھىجرىيىنىڭ قانچىنچى يىلىغا مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، ئاۋۋال مىلادىيە يىلى (1075) دىن 621 نى ئېلىپ تاشلايمىز، قالغىنىنى (454 نى) 33 كە بۆلسەك، 13 ھاسىل بولىدۇ، بۇ ساننى (13 نى) 454 كە قوشساق 467 كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭ فورمۇلىسى:

$$ھ=مx+[33:(621-م)-م]$$

يەنە مىسال:

ئەلىشىر نەۋائىي تۇغۇلغان يىلى ھىجرىيىگە 844 بولغانىدى. بۇ مىلادىيىنىڭ قانچىنچى يىلىغا توغرا كېلىدۇ؟ 844 نى 33 كە بۆلسەك، 25 پۈتۈن سان بىلەن 19 كەسىر سان چىقىدۇ، بۇنى 26 قىلىپ ھېسابلاپ 26 نى 844 دىن ئالىمىز، قالغان 818 گە 623 نى قوشساق، 1441 چىقىدۇ، دېمەك، نەۋائىي مىلادىيە 1441 ـ يىلى تۇغۇلغان بولىدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى 1949 ـ يىلى قۇرۇلغان، بۇ يىل ھىجرىيە ھېسابىدا قايسى يىلغا توغرا كېلىدۇ؟ 1949 دىن 621 نى ئالىمىز، قالغان سان (1328) نى 33 كە بۆلسەك، 40 سان پۈتۈن چىقىپ سەككىز كەسىر قالىدۇ. 40 نى 1380 گە قوشساق، 1368 چىقىدۇ.

## ھەمۇل (تۇغۇش) مۇددەتلىرى

ھەكىملەرنىڭ پىكىرلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئىنساننىڭ ھەمۇل مۇددىتى يەتتە سەييارىنىڭ دەۋر قىلىشى بىلەن ئالاقىدار ئىكەن. بالا ئانا قارنىدا يەتتە سەييارىنىڭ ھەربىرى 40 كۈنلۈك مۇددەت پەرقى بويىچە پەرۋىش تېپىپ، يەتتە 40 كۈن، يەنى توققۇز ئاي ئون كۈن بولغاندا دۇنياغا كۆز ئاچىدىكەن. ھەقىقەتتە بولسا، ئانا سەككىز ئاي تولۇق قورساق كۆتۈرۈپ، توققۇزىنچى ئايدا بالىنى تۇغىدىكەن. قىز بالا بىرئاز كېچىكىدىكەن. يەنە، بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن ئانا 40 كۈن كۈتۈلىدىكەن، بۇمۇ يۇلتۇزنىڭ تاكامۇللىشىغا باغلىق ئىكەن. بالا قورساقتا 40 كۈن بولغاندا شەكىللىنىش مۇددىتىگە ئۆتىدۇ. تۇغۇلۇپ 40 كۈن بولغاندا «چىللىسى چىقىدۇ»، يورۇق دۇنياغا ماسلىشىۋالىدۇ؛ توققۇز ئاي بولغاندا، تۇغۇلغاندىن كېيىن توققۇز ئاي مۇددەتلىك ھاياتىي سىناقتىن ئۆتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاتا ــ ئانىلار بالىنىڭ قىرىقى توشقاندا «قىرىقى سۈيى» بېرىدۇ. توققۇز ئاي بولغاندا، «تىلغا كىرىش»، «دەم ــ دەم تۇرۇش» مۇددىتىگە قەدەم قويىدۇ. بۇ مۇددەتنىمۇ قۇتلۇق سانايدۇ. بالا قورساقتا «يەتتە 40» كۈن، تۇغۇلغاندىمۇ «يەتتە 40» كۈن ئۆتكۈزۈشى بەك ئېھتىيات قىلىنىدىغان مۇددەتلەردۇر. «سەككىز ئايدا تۇغۇلغان بالا ئەي بولمايدۇ» دېگەنلىك سەككىز ئاي كامىل بولمىغانلىق دېمەكتۇر.

باشقا مەخلۇقلارغا كەلسەك، قوي بەش ئاي ئون كۈندە، كالا توققۇز ئايدا، ئات 11 ئايدا، تۆگە 12 ئاي تولۇق قورساق كۆتۈرۈپ، 13 ــ ئايدا تۇغىدۇ.

# XX ئەسىرنىڭ ھەپتە كۈنلىرى

| ھەپتە | ئاي / بەلگە / كۈنلەر | | | | | 1<br>10 | (1)<br>4<br>7 | 9<br>12 | 6 | 2<br>3<br>11 | (2)<br>8 | 5 |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| دۈ | 1 | 8 | 15 | 22 | 29 | A | B | C | D | E | F | G |
| سەي | 2 | 9 | 16 | 23 | 30 | G | A | B | C | D | E | F |
| چار | 3 | 10 | 17 | 24 | 31 | F | G | A | B | C | D | E |
| پەي | 4 | 11 | 18 | 25 | | E | F | G | A | B | C | D |
| جۈم | 5 | 12 | 19 | 26 | | D | E | F | G | A | B | C |
| شەن | 6 | 13 | 20 | 27 | | C | D | E | F | G | A | B |
| يەك | 7 | 14 | 21 | 28 | | B | C | D | E | F | G | A |
| | | | | | | 1900 | 1901 | 1902 | 1903 | — | (1904) | 1905 |
| | | | | | | 1906 | 1907 | — | (1908) | 1909 | 1910 | 1911 |
| | | | | | | — | (1912) | 1913 | 1914 | 1915 | — | (1916) |
| | | | | | | 1917 | 1918 | 1919 | — | (1920) | 1921 | 1922 |
| | | | | | | 1923 | — | (1924) | 1925 | 1926 | 1927 | — |
| | | | | | | (1928) | 1929 | 1930 | 1931 | — | (1932) | 1933 |
| | | | | | | 1934 | 1935 | — | (1936) | 1937 | 1938 | 1939 |
| | | | | | | — | (1940) | 1941 | 1942 | 1943 | — | (1944) |
| | | | | | | 1945 | 1946 | 1947 | — | (1948) | 1949 | 1950 |
| | | | | | | 1951 | — | (1952) | 1953 | 1954 | 1955 | — |
| | | | | | | (1956) | 1957 | 1958 | 1959 | — | (1960) | 1961 |
| | | | | | | 1962 | 1963 | — | (1964) | 1965 | 1966 | 1967 |
| | | | | | | — | (1968) | 1969 | 1970 | 1971 | — | (1972) |
| | | | | | | 1973 | 1974 | 1975 | — | (1976) | 1977 | 1978 |
| | | | | | | 1979 | — | (1980) | 1981 | 1982 | 1983 | — |
| | | | | | | (1984) | 1985 | 1986 | 1987 | — | (1988) | 1989 |
| | | | | | | 1990 | 1991 | — | (1992) | 1993 | 1994 | 1995 |
| | | | | | | — | (1996) | 1997 | 1998 | 1999 | — | (2000) |

ئىزاھات: يىللارنى مۇشۇ تەرتىپ بويىچە كەينىگە ياندۇرۇپ XIX ، XVIII ، XVII ۋە ئۇنىڭدىنمۇ نېرىقى ئەسىرلەرنىڭ يىللىرىنى تىزىپ چىقسا بولۇۋېرىدۇ، كېيىنكى ئەسىرمۇ شۇ تەرتىپ بويىچە تىزىلىدۇ.

**چۈشەندۈرۈش :**

① 1959 ـ يىلىدىكى دۆلەت بايرىمى ھەپتىنىڭ قايسى كۈنى ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولساق، ئايلار كاتەكچىسىدىكى 10 ـ ئاي بىلەن كۈنلەردىن 1 ـ كۈنىنىڭ ئۆتتۈشكەن يېرىدىكى ھەرپ بەلگىسىنى تاپىمىز، بۇ بەلگە A؛ ئاندىن 1959 ـ يىلى جايلاشقان كاتەكچىدىن يۇقىرىغا بويلىساق، A كاتەكچىنى تاپىمىز، مۇشۇ كاتەكچىدىن سولغا بويلىساق، ھەپتىنىڭ پەيشەنبە كۈنىگە ئۇدۇل كېلىدۇ.

② يىللار كاتەكچىسىدە، تىرناق ئىچىگە ئېلىنغىنى كەبىسە يىلىدۇر. مەزكۇر يىلنىڭ 1 ـ ياكى 2 ـ ئايلىرىنى تاپماقچى بولساق، ئايلار كاتەكچىسىدىكى (1) ياكى (2) قاتىرىدىن ئىزدەيمىز.

ھەر تۆت يىل بىر بىرلىك قىلىنىپ، تۆت يىلنىڭ بىرىنچىسى، يەنى تىرناق ئىچىگە ئېلىنغىنى كەبىسە يىلىدۇر. ھەر تۆت يىلدىن كېيىن بىر كاتەك تاشلىنىدۇ. ئەسىرنى ئالدىغا ياكى كەينىگە سۈرگەندە، مۇشۇ تەرتىپ-كە رىئايە قىلىنىدۇ.

## يىللاردىن مۆچەلنى ياكى مۆچەلدىن يىللارنى تېپىش ئۇسۇلى

| يىللار (XX ئەسىر) | | | | | | | | مۆچەل | يىللار (XXI ئەسىر) | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1900 | 1912 | 1924 | 1936 | 1948 | 1960 | 1972 | 1984 | چاشقان | 1996 | 2008 | 2020 | 2032 | 2044 | 2056 | 2068 | 2080 | 2092 |
| 1901 | 1913 | 1925 | 1937 | 1949 | 1961 | 1973 | 1985 | كالا | 1997 | 2009 | 2021 | 2033 | 2045 | 2057 | 2069 | 2081 | 2093 |
| 1902 | 1914 | 1926 | 1938 | 1950 | 1962 | 1974 | 1986 | يولۋاس | 1998 | 2010 | 2022 | 2034 | 2046 | 2058 | 2070 | 2082 | 2094 |
| 1903 | 1915 | 1927 | 1939 | 1951 | 1963 | 1975 | 1987 | توشقان | 1999 | 2011 | 2023 | 2035 | 2047 | 2059 | 2071 | 2083 | 2095 |
| 1904 | 1916 | 1928 | 1940 | 1952 | 1964 | 1976 | 1988 | بېلىق | 2000 | 2012 | 2024 | 2036 | 2048 | 2060 | 2072 | 2084 | 2096 |
| 1905 | 1917 | 1929 | 1941 | 1953 | 1965 | 1977 | 1989 | يىلان | 2001 | 2013 | 2025 | 2037 | 2049 | 2061 | 2073 | 2085 | 2097 |
| 1906 | 1918 | 1930 | 1942 | 1954 | 1966 | 1978 | 1990 | ئات | 2002 | 2014 | 2026 | 2038 | 2050 | 2062 | 2074 | 2086 | 2098 |
| 1907 | 1919 | 1931 | 1943 | 1955 | 1967 | 1979 | 1991 | قوي | 2003 | 2015 | 2027 | 2039 | 2051 | 2063 | 2075 | 2087 | 2099 |
| 1908 | 1920 | 1932 | 1944 | 1956 | 1968 | 1980 | 1992 | مايمۇن | 2004 | 2016 | 2028 | 2040 | 2052 | 2064 | 2076 | 2088 | 2100 |
| 1909 | 1921 | 1933 | 1945 | 1957 | 1969 | 1981 | 1993 | توخۇ | 2005 | 2017 | 2029 | 2041 | 2053 | 2065 | 2077 | 2089 | 2101 |
| 1910 | 1922 | 1934 | 1946 | 1958 | 1970 | 1982 | 1994 | ئىت | 2006 | 2018 | 2030 | 2042 | 2054 | 2066 | 2078 | 2090 | 2102 |
| 1911 | 1923 | 1935 | 1947 | 1959 | 1971 | 1983 | 1995 | توڭگۇز | 2007 | 2019 | 2031 | 2043 | 2055 | 2067 | 2079 | 2091 | 2103 |

ئىزاھات : مۇشۇ تەرتىپ بويىچە يىللار 12 لەپ كېيىنگە ياكى ئالدىغا سۈرۈلۈۋەرسە ئىلگىرىكى ياكى كېيىنكى ئەسىر-لەردىكى يىللارنىڭ مۆچەل ھېسابى چىقىۋېرىدۇ .

# چاغلارنىڭ خاسىيىتى

ئىنسانلارنىڭ قاراشلىرى ناتۇرالىستىك چۈشەنچىلەر ئاساسىدا تەرەققىي قىلغاچقا، ۋاقىت — چاغلارغىمۇ تۈرلۈك خاراكتېرىستىكا بەرگەن. جۈملىدىن ئاتا — بوۋىلىرىمىزمۇ ھەر يىلنى بىر جانىۋارنىڭ نامى بىلەن ئاتاپ، 12 يىلنى 12 ھايۋانغا تەقسىملاپ، ھەر يىلدا كۆرۈلىدىغان ئەھۋاللارنى ئۆز تەجرىبىلىرى ئاساسىدا تەخمىن قىلغان. بۇ توغرىدا، ئالىم بوۋىمىز ھەزرىتى مەھمۇت كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مۇنداق يازغان:

«تۈركلەر ئون ئىككى خىل ھايۋاننىڭ ئىسمىنى ئېلىپ، ئون ئىككى يىلغا ئات قويغان... تۈركلەر بۇ يىللارنىڭ ھەربىرىدە بىر خاسىيەت بار دەپ تەخمىن قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۇي يىلى كىرگەندە، ئۇرۇش كۆپىيىدۇ، چۈنكى ئۇي بىر — بىرى بىلەن كۆپ ئۇسۇشىدىغان ھايۋان. توخۇ يىلى كىرسە، ئوزۇق — تۈلۈك كۆپىيىدۇ، لېكىن كىشىلەر ئارىسىدا تەشۋىش ئاشىدۇ. چۈنكى توخۇنىڭ يېمى دان، توخۇ داننى تېپىش ئۈچۈن، ئەخلەت — چاۋالارنى تاتىلاپ چېچىۋېتىدۇ. لەھەڭ يىلى كىرىش بىلەن ھۆل — يېغىن كۆپىيىپ، ئاشلىق ئوخشايدۇ، چۈنكى لەھەڭ سۇدا ياشايدۇ. توڭگۇز يىلى كىرىش بىلەن قار كۆپ ياغىدۇ. سوغۇق قاتتىق بولىدۇ، پىتنە — پاسات كۆپىيىدۇ. تۈركلەر ئەنە شۇ يوسۇندا، ھەريىلى بىرەر ھادىسە يۈز بېرىدۇ دەپ ئىشىنىدۇ». بۇ ئۇزاق قەدىمدە پەيدا بولغان چۈشەنچىلەردۇر.

نامەلۇم ئاپتورلار تۈزگەن «پالنامە» ۋە «مەجمۇئەتۇل رىسالە» دېگەن قولىيازمىلاردا، ھەر يىلنىڭ خاسىيىتى ۋە ئەھۋالاتى ھەققىدە مۇنداق بايان قىلىنغان. دەرۋەقە، بۇ بايانلار دىنىي ئەقىدىگە باغلانغان ھالدا، بىر تەرەپلىمىلىك ۋە ھەتتا بىدئەتلىكتىن خالىي ئەمەس.

# تۆركىي يىلنىڭ ئەھكامى

قاچانكىم، چاشقان يىلى كىرسە، يىل بېشى خۇشلۇق، ئەمنلىك بولغاي، قىش قۇرغاقچىلىق، ياز يېغىنگەرچىلىك، سەھرالاردا ئوت ــ گىياھ كۆپ، چارپاي ئاۋۇن بولغاي. پۇقرالارغا خۇشاللىق، پادىشاھ ــ بەگلەرگە تەشۋىش كۆپ بولغاي. شەرق سارى ياخشى ۋە غەرب تەرەپتە ئازراق يىتنە ــ توقۇنۇش بولغاي ھەم قان كۆپ تۆكۈلگەي. سودىگەرلەرنىڭ ئەھۋالى ياخشى بولمىغاي. بەزى جايلاردا ۋابا پەيدا بولغاي. يىل ئوتتۇرد-سىدا چاشقان تولا بولغاي، ئوغرى ــ قاراقچىدىن خەتەر كۆپ يەتكەي. يىل بېشىدا تۇغۇلغان بالا زېرەك، چىرايلىق، خۇشخۇي، دۆلەتمەن بولغاي؛ يىل ئوتتۇرىسىدا تۇغۇلغان بالا بەتقىلىق، ھىيلىگەر، ھەسەتخور بولغاي؛ يىل ئاخىرىدا تۇغۇلغان بالا يالغانچى ــ ئالدامچى بولغاي.

قاچانكىم، ئۇي يىلى كىرسە، دەلالەت قىلۇرلەركىم، قىش قاتتىق سوغۇق ۋە قىسقا بولغاي، چار پايلارغا ئاپەت يەتكەي، مېۋىلەرگە ئازراق ئاپەت يەتكەي. خەلق ئارىسىدا رەنجۇ زەخمەت ۋە جاپا تولا بولغاي، پادىشاھلار ئارىسىدا يىتنە ــ ئەنگىز، تەشۋىش كۆپ بولغاي. ئالەمنىڭ ئەتراپلىرىدا جەڭ ــ جېدەل پەيدا بولغاي. بەزى شەھەرلەردە خۇنرېزلىق بولغاي. يىل ئاخىرىدا ئەرزانچىلىق بولغاي، بۇ يىلنىڭ بېشىدا تۇغۇلغان بالا خۇشخۇي، دانا، نەغمە ــ ناۋاغا ئامراق بولغاي، لېكىن باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشقاق بولغاي؛ يىل ئوتتۇرىسىدا تۇغۇلغان بالا قايغۇلۇق ــ پەرىشان بولغاي.

قاچانكىم يولبارس يىلى كىرسە، خەلق ئىچىدە ھەسەت، كىنە ــ ئاداۋەت پەيدا بولغاي، زىمىستان ئۇزاق بولغاي، چارپايغا ئۆلۈم كىرگەي، پادىشاھلار ئارىسىدا يىتنە، گۇمانخورلۇق، جەڭ ــ جېدەل كۆپ بولغاي. گېزەندە ــ يىرتقۇچ ھايۋانلار غولداپ كەتكەي. دەريالاردا سۇ ئۇلۇغ بولغاي، زىرائەتكە ئاپەت يەتكەي. يىل ئاخىرى ياخشى بولغاي، بۇ يىلنىڭ بېشىدا تۇغۇلغان بال يۈكسەك ھىممەتلىك، يۈزى كۆركلۈك، دۆلەتمەن

بولغاي؛ يىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇغۇلغان بالا ئوچۇق چىراي، خۇلقى چىرايـ
لىق ۋە ئەخلاقلىق بولغاي؛ يىلنىڭ ئاخىرىدا تۇغۇلسا، ھۇرۇن، قورقۇنچاق،
بەتقىلىق بولغاي.

قاچانكىم توشقان يىلى كىرسە، نېمەتلەر خوپ بولغاي ۋە مېۋە كۆپ بولغاي. قىشتا قۇرغاقچىلىق بولغاي، يەر تەۋرەش ھەم ۋابا بولۇپ تۇرغاي. يىتىم كۆپەيگەي، يولبارس — بۆرىلەرگە ئاپەت يەتكەي. بۇ يىلنىڭ بېشىدا تۇغۇلغان بالا ئايىغى يېنىك ۋە باي بولغاي، بەتقىلىق ئەمما ۋاپالىق بولغاي؛ يىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇغۇلغان بالا ئەخلاقلىق بولغاي؛ يىلنىڭ ئاخىرىدا تۇغۇلسا، ھېچكىم ئۆلپەت بولمىغاي، ئۇنىڭ ئىلكىدىكى مال — دۇنيادىن ھېچكىمگە مەنپەئەت يەتمىگەي، ئەندىشىلىك ۋە تولا سۆزلۈك بولغاي.

قاچانكىم لەھەڭ (بېلىق) يىلى كىرسە، قىش ئۇزاق بولغاي، قار — يامغۇر تولا بولغاي، چارپايلار سېمىز بولغاي، زىرائەتكە نۇقسان يەتكەي، مېۋىلەر تولا بولغاي، ئەيش — ئىشرەت خوپ بولغاي؛ ئۇلۇغلار ۋە ھاكىملار ئىچىدە پىتنە تولا بولغاي، خۇنرېزلىق بولغاي، گىنە — ئاداۋەت تولا بولغاي؛ قېرى كىشىلەر تولا ئۆلگەي. بۇ يىلىنىڭ بېشىدا تۇغۇلغان بالا مەرگەن — باتۇر بولغاي، لېكىن كىشىلەر بىلەن چىقىشالماس، گىنەدار — ئاداۋەتچى بولغاي، چاچ — ساقىلى ۋاقتىسىز ئاقارغاي؛ يىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇغۇلغان بالا مىجەزى ئىللىق، ياخشى ئىشلارنى قىلىدىغان بولغاي؛ يىلنىڭ ئاخىرىدا تۇغۇلغان بالا كۆڭلى قاتتىق، لېكىن ئىشچان بولغاي.

قاچانكىم يىلان يىلى كىرسە، قۇرغاقچىلىق — قەھەتچىلىك بولغاي. قىشتا سوغۇق قاتتىق بولۇپ، مېۋىلەرگە ئۈششۈك تەگكەي، ئاشلىق قىممەت بولغاي. خەلق ئارىسىدا قەھر — غەزەپ ۋە دۈشمەنلىك كۆپ بولغاي. يىلان ۋە گېزەندىلەر تولا بولغاي. بۇ يىلنىڭ بېشىدا تۇغۇلغان بالا كەم سۆز، كۆزى ئۆتكۈر، نادائىراق بولغاي؛ يىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇغۇلغان بالا يالغۇزلۇقنى خالايدىغان، ئەندىشىلىك بولغاي، سۆزى قۇلاققا يېقىمسىز، بەتقىلىق بولغاي؛ يىلنىڭ ئاخىرىدا تۇغۇلغان بالا سۆزى قوپال، ھاياسىز بولغاي.

قاچانكىم ئات يىلى كىرسە، پادىشاھلار ئارىسىدا، جەڭ ــ جېدەل كۆپ، خۇنرىزلىق بولغاي. قىش ــ زىمىستان سوغۇق كەلگەي، چارپايلارغا ئاپەت يەتكەي، رەنجۇ زەخمەت كۆپ بولغاي، خەيرلىك كۆپ بولغاي. بۇ يىلنىڭ بېشىدا تۇغۇلغان بالا غەمكىن ۋە رەنجىگە مۇپتىلا بولغاي. لېكىن دانىشمەن، مەردانە بولغاي؛ يىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇغۇلغان بالا خۇشخۇي ۋە ھوشيار بولغاي؛ يىلنىڭ ئاخىرىدا تۇغۇلغان بالا بەتخۇي، ئەندىشلىك، نىشانسىز ئىش قىلىدىغان بولغاي.

قاچانكىم قوي يىلى كىرسە، قىش ــ زىمىستان ئۇزاق كەچكەي، پادىشاھلار ئارىسىدا خۇنرىزلىق كۆپ بولغاي، بىرمەزگىل خالايىق ئارىسىدا خەير بەرىكەت كۆپ بولغاي، ئەمما ئاغرىسىق ــ سىلاق كۆپ بولغاي، دېڭىز ــ دەريالاردا كېمىلەرگە ئاپەت يەتكەي. بۇ يىلنىڭ بېشىدا تۇغۇلغان بالا خۇشخۇي، چىقىشقاق، كۆڭۈلچەك، باي ۋە مېھىر ــ شەپقەتلىك ئەمما دۈشمەنلىك بولغاي؛ يىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇغۇلغان بالا رىزقى كەڭ، كەم ئازار بولغاي؛ يىلنىڭ ئاخىرىدا تۇغۇلغان بالا باشباشتاق ۋە ئۆمرى كۇتە بولغاي.

قاچانكىم مايمۇن يىلى كىرسە، قىش قىسقا، ئەمما قاتتىق سوغۇق بولغاي. چارپايلارغا ئاپەت يەتكەي، ئۈزۈم كەم بولغاي، ئۆزگە مېۋىلەر خوپ بولغاي؛ زىرائەت خوپ بولغاي، يامغۇر تولا ياغقاي؛ ئۇلۇغلار ئارىسىدا خۇنرىزلىق بولغاي، خالايىق ئىچىدە زۇلۇم ــ جاپا تولا بولغاي، رەھىم ــ شەپقەت كەم بولغاي. بۇ يىلنىڭ بېشىدا تۇغۇلغان بالا زاھىد، دانا، خۇش پېئىل بولغاي؛ يىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇغۇلغان بالا جادۇگەر، بەدكىردار (قىلىقسىز)، ھەسەتخور بولغاي، لېكىن باي بولغاي؛ يىلنىڭ ئاخىرىدا تۇغۇلغان بالا ھوشيار، لېكىن ئەدەپسىز بولغاي.

قاچانكىم توخۇ يىلى كىرسە، قىش ئۇزۇن بولسىمۇ زىيادە سوغۇق بولمىغاي، زىرائەت خوپ ۋە مېۋىلەر كۆپ بولغاي؛ نەرخ ئەرزان بولغاي؛ خالايىق ئارىسىدا مېھىر ــ شەپقەت كۆپ بولغاي. نەرخ ئەرزان بولغاي، پادىشاھلار ئارىسىدا سۇلھى ــ سالا ۋە ئادالەت بولغاي. سودىگەرلەرنىڭ ئىشى ياخشى بولغاي؛ ئاياللارنىڭ تۇغۇتى ياخشى بولغاي، قىز بالا كۆپرەك

تۇغۇلغاي. بۇ يىلنىڭ بېشىدا تۇغـۇلغان بالا زېرەك، خۇش پەھىم، دانا بولغاي؛ يىـلنىـڭ ئوتتۇرىسىـدا تۇغۇلغان بالا دەرۋىـش سۈپەت بولغاي؛ يىلنىـڭ ئاخىـرىدا تۇغۇلغان بالا مېـھماندوسـت ساخاۋەتچى بولغاي.
قاچانكىم ئىت يىلى كىرسە، قىش ئۇزۇن ۋە قاتتىق سوغۇق، يازدا ھاۋا ئىسسىق، يېغىن كەم بولۇپ، ئاخىردا قىممەتچىلىك ۋە قەھەتچىلىك بولغاي؛ ئاغرىق ــ سىلاق، ئۆلۈم ــ يېتىم كۆپ بولغاي. پادىشاھلار ئارىسىدا جەڭ ــ جېدەل، غوۋغا تولا بولغاي. ئوغرى ــ يالغان، قاراقچىلار ئاۋۇپ كەتكەي. بۇ يىلنىڭ بېشىدا تۇغۇلغان بالا يالغانچى، سۇخەنچى، ئاچ كۆز بولغاي؛ يىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇغۇلغان بالا زېرەك، لېكىن ئۇرۇشقاق، قىمارۋاز بولغاي؛ يىلنىڭ ئاخىرىدا تۇغۇلغان بالا يۈرەكلىك، قانائەتلىك، لېكىن گىنەدار (ئاداۋەتچى) بولغاي.
قاچانكىم توڭگۇز يىلى كىرسە، قىش ئۇزۇن بولۇپ، چار پايلارغا ئاپەت يەتكەي. يازدا يېغىن تولا بولۇپ، زىرائەتكە زەرەر يەتكەي. ئۇلۇغ-لاردا ئاغرىق تولا بولغاي. پادىشاھلار ئارىسىدا پىتنە ــ غوۋغا كۆپ بولغاي. خەلق ئارىسىدا خەۋپ ــ خەتەر كۆپ ۋە مېھىر ــ مۇھەببەت كەم بولغاي. ئوغرى ــ يالغان تولا بولغاي. بۇ يىلنىڭ بېشىدا تۇغۇلغان بالا ئەقىللىق، بىلەرمەن ــ ماختانچاق، دۆلەتمەن بولغاي؛ يىلنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇغۇلغان بالا چېقىمچى، مەككار، بەتخۇي، مېھىرسىز، سەپەر خۇمار بولغاي.

## بۇرجلار بويىچە ئاينىڭ ئەھكامى

ئەگەر ئاي ھەمەل بۇرجىدا بولسا، پادىشاھ ــ ھاكىملار دىدارىنى كۆرمەك، ئالتۇن ئىشلەتمەك، يېڭى كىيىم كىيمەك، ھاممامغا چۈشمەك، تىرناق ئالماق، يېڭى ئىش باشلىماق، بالىلارنى مەكتەپكە بەرمەك مىيانەدۇر؛ خوتۇنلار دىدارىنى كۆرمەك، مېھماندارلىققا بارماق، ئىلىم ئىپتىدا قىلماق، ئەھد باغلىماق، نەرسە ئالماق ــ ساتماق، ئىمارەت ساتماق، شىركەت قىلماق، بالىنى سۈتتىن ئايرىماق ياكى بالىنى بۆشۈككە سالماق، كۆچەت

تىكمەك، زىرائەت تېرىماق، ئۇلۇغلار ـ ھاكىملار دىدارىنى كۆرمەك، يېڭى ئۆيگە كىرمەك نەھسىدۇر.

ئەگەر ئاي سەۋر بۇرجىدا بولسا، مەئىشەت قىلماق، ھاجەت تىلىمەك، ئەيش ـ ئىشرەت قىلماق، توي قىلماق، بالىنى خەتمە قىلماق ۋە مەكتەپكە بەرمەك، ئەھد باغلىماق، ئات ئالماق ۋە ئاختا قىلماق، كۆچەت تىكمەك، زىرائەت تېرىماق، تىرناق ئالماق، پادىشاھلار ۋە ھاكىملار دىدارىنى كۆرمەك سەئىددۇر. ئالتۇن ئىشلەتمەك، يېڭى ئېگىن كىيمەك، ئىلىم ئۆگىنىشكە قىلماق، نەرسە ئالماق مىيانەدۇر.

ئەگەر ئاي جەۋزا بۇرجىدا بولسا، يېڭى كىيىم كىيمەك، ئىلىم ئۆگىنىشكە قىلماق، ھەرنېمە ئالماق مىيانەدۇر؛ چاچ چۈشۈرمەك، ھاماماغا بارماق، سەيد (ئوۋ) قىلماق، ئىش ئۆگىنىشكە قىلماق، شىركەت قۇرماق، قان ئالماق، دورا ئىچمەك، سەپەر قىلماق نەھسىدۇر.

ئەگەر ئاي سەرەتان بۇرجىدا بولسا، مېھماندارلىققا بارماق، چاچ چۈشۈرمەك، ھاماماغا بارماق، خەتنە قىلماق، پەرزەنتىنى سۈتتىن ئايرىماق، بالىنى مەكتەپكە بەرمەك، ئىلىم ئۆگىنىشكە قىلماق، ئىش باشلىماق، دورا ئىچمەك، ئات ئاختا قىلماق، كۆچەت تىكمەك، زىرائەت تېرىماق، سەپەر قىلماق، تىرناق ئالماق سەئىددۇر؛ خاتۇنلار دىدارىنى كۆرمەك، يېڭى كىيىم كىيمەك، توي قىلماق، ئەھد باغلىماق، ئات ئالماق، مۈلۈك ئالماق مىيانە- دۇر؛ تەختكە ئولتۇرماق، ھاجەت تىلىمەك، ئالتۇن ئىشلەتمەك، نىكاھ قىلماق، ئۆۋ ئۆۋلىماق، شەھەرگە كىرمەك، ئىمارەت سالماق، يېڭى ئۆيگە كىرمەك نەھسىدۇر.

ئەگەر ئاي ئەسەد بۇرجىدا بولسا، بەيئەت قىلماق، ھاجەت تىلىمەك، ھاكىملار دىدارىنى كۆرمەك، توي قىلماق، نىكاھ قىلماق، ئۆۋ ئۆۋلىماق، ئەھد باغلىماق، شەھەرگە كىرمەك، ئىمارەت سالماق، يېڭى ئۆيگە كىرمەك، مۈلۈك ئالماق، ئات ئالماق ۋە ئاختا قىلماق، تەختكە ئولتۇرماق، تىرناق ئالماق سەئىددۇر. چاچ چۈشۈرمەك، بالىنى سۈتتىن ئايرىماق، بالىنى مەك- تەپكە بەرمەك، ئىلىم ئۆگىنىشكە قىلماق، شىركەت قۇرماق، كۆچەت تىكمەك

مىيانەدۇر؛ مېھماندارلىققا بارماق، يېڭى كىيىم كىيمەك، ئىش ئىپتىدا قىلـ
ـماق، ھەر نەرسە ئالماق، دورا ئىچمەك، زىرائەت تېرىماق، سەپەر قىلماق نەھسدۇر.

ئەگەر ئاي سۇنبۇلە بۇرجىدا بولسا، بەيئ قىلماق (ۋەدىلەشمەك)، ئەھدى پەيمان قىلماق، ئىمارەت سالماق، يېڭى ئۆيگە كىرمەك، توي قىلماق، خەتنە قىلماق، بالىنى مەكتەپكە بەرمەك، ئوۋ ئوۋلىماق، بىرنېمە ئالماق، شىركەت قىلماق، شەھەرگە ياكى يېڭى ئۆيگە كىرمەك، مۈلۈك ئالماق، ئات ئالماق ۋە ئاختا قىلماق، كۆچەت تىكمەك، زىرائەت سالماق سەئىددۇر. ھاجەت تىلىمەك، مېھماندارلىققا بارماق، چاچ چۈشۈرمەك، ئىش باشلىماق، توي قىلماق مىيانەدۇر. دورا ئىچمەك، تىرناق ئالماق، كۆچەت كۆچۈرمەك، نىكاھ قىلماق نەھسدۇر.

ئەگەر ئاي مىزان بۇرجىدا بولسا، مېھماندارلىققا بارماق، يېڭى كىيىم كىيمەك، خەتمە قىلماق، ئوۋ ئوۋلىماق، ئىش باشلىماق، نەرسە ئالماق ــ ساتماق، دورا ئىچمەك، مۈلۈك ئالماق، ئىلىم ئىپتىدا قىلماق، سەپەر قىلماق، تىرناق ئالماق سەئىددۇر. ھاجەت تىلىمەك، بەيئەت قىلماق، ھاكىم (باشـ
ـلىق) دىدارىنى كۆرمەك، پەرزەنتىنى مەكتەپكە بەرمەك، نىكاھ قىلماق، ئىمارەت سالماق، قان ئالماق، ئات ئالماق، كۆچەت تىكمەك، زىرائەت تېرىماق مىيانەدۇر؛ ئەھد باغلىماق، شىركەت قۇرماق، يېڭى ئۆيگە كۆچـ
ـمەك، كۆچەت كۆچۈرمەك نەھسدۇر.

ئەگەر ئاي ئەقرەب بۇرجىدا بولسا، دورا ئىچمەك، كۆچەت تىكمەك، زىرائەت تېرىماق، تىرناق ئالماق سەئىددۇر؛ چاچ چۈشۈرمەك، ئەھد باغلىـ
ـماق مىيانەدۇر؛ ھاجەت تىلىمەك، مېھماندارلىققا بارماق، يېڭى ئېگىن كىيمەك، توي قىلماق، خەتنە قىلماق، نىكاھ قىلماق، بالىنى سۈتتىن ئايرىماق ۋە مەكتەپكە بەرمەك، ئوۋ ئوۋلىماق، ئىش باشلىماق، نەرسە ئالماق، شىركەت قۇرماق، شەھەرگە كىرمەك، يېڭى ئۆيگە كىرمەك، ئىماـ
ـرەت سالماق، قان ئالماق، مۈلۈك ئالماق نەھسدۇر.

ئەگەر ئاي قەۋس بۇرجىدا بولسا، بەيئەت قىلماق، ھاجەت تىلىمەك،

ھاكىملا دىدارىنى كۆرمەك، ئالتۇن ئىشلەتمەك، مېھماندارلىققا بارماق، يېڭى ئېگىن كىيمەك، نىكاھ قىلماق، چاچ چۈشۈرمەك، بالىنى سۈتتىن ئايرىماق، ئۆۋ ئۇۋۇلىماق، نەرسە ئالماق ــ ساتماق، ئات ئاختا قىلماق، كۆچەت كۆچۈرمەك سەئىددۇر؛ مېھماندارلىققا بارماق، ئىش باشلىماق، شىركەت قۇرماق، شەھەرگە كىرمەك، ئىمارەت سالماق، يېڭى ئېگىن كىيمەك، مۈلۈك ئالماق، سەپەر قىلماق، تىرناق ئالماق مىيانەدۇر؛ دورا ئىچمەك، زىرائەت قىلماق نەھسدۇر.

ئەگەر ئاي جەدى بۇرجىدا بولسا، خەتنە قىلماق، بالىنى مەكتەپكە بەرمەك، ئىش باشلىماق، نەرسە ئالماق، ئات ئاختا قىلماق، زىرائەت قىلماق سەئىددۇر؛ ھاكىملار دىدارىنى كۆرمەك، شەھەرگە كىرمەك، يېڭى ئېگىن كىيمەك، مۈلۈك ئالماق مىيانەدۇر؛ مېھماندارلىققا بارماق، توي ــ نىكاھ قىلماق، چاچ چۈشۈرمەك، بالىنى سۈتتىن ئايرىماق، ئۆۋ ئۇۋۇلىماق، ئىمارەت سالماق، ئەھد باغلىماق، قان ئالماق، دورا ئىچمەك، سەپەر قىلماق، تىرناق ئالماق، كۆچەت كۆچۈرمەك نەھسدۇر.

ئەگەر ئاي دەلۋە بۇرجىدا بولسا، خەتنە قىلماق، ئەھد باغلىماق، ئىمارەت سالماق، مۈلۈك ئالماق، نەرسە ئالماق، شەھەرگە ۋە يېڭى ئۆيگە كىرمەك، ئات ئاختا قىلماق، كۆچەت تىكمەك، زىرائەت تېرىماق، تىرناق ئالماق سەئىددۇر؛ بەيئەت قىلماق، ھاجەت تىلىمەك، چاچ چۈشۈرمەك، بالىنى سۈتتىن ئايرىماق، ئۆۋ ئۇۋۇلىماق، قان ئالماق، ئات ئالماق، كۆچەت كۆچۈرمەك مىيانەدۇر؛ ھاكىملار دىدارىنى كۆرمەك، مېھماندارلىققا بارماق، شىركەت قىلماق، يېڭى ئېگىن كىيمەك، ئىش باشلىماق، سەپەر قىلماق، دورا ئىچمەك نەھسدۇر.

ئەگەر ئاي ھوت بۇرجىدا بولسا، بەيئەت قىلماق، ھاجەت تىلىمەك، ھاكىملار دىدارىنى كۆرمەك، مېھماندارلىققا بارماق، يېڭى ئېگىن كىيمەك، نىكاھ قىلماق، چاچ چۈشۈرمەك، بالىنى سۈتتىن ئايرىماق ۋە مەكتەپكە بەرمەك، ئۆۋ ئۇۋۇلىماق، ئىش باشلىماق، ئەھد باغلىماق، نەرسە ئالماق، دورا ئىچمەك، مۈلۈك ئالماق، كۆچەت تىكمەك، سەپەر قىلماق سەئىددۇر؛ خەتنە قىلماق، شەھەرگە ۋە ئۆيگە كىرمەك، ئىمارەت سالماق، ئات ئالماق، زىرائەت تېرىماق مىيانەدۇر؛ تىرناق ئالماق نەھسدۇر.

## يېڭى يىل باشلانغان كۈننىڭ خاسىيەتلىرى

يېڭى يىلنى تۈركىي خەلقلەر ۋە ئەجەملەر ھەمەلدىن، ئەرەبلەر مۇھەررەمدىن باشلايدۇ. ھەپتە كۈنلىرىمۇ سەييارىلەرگە باغلىق بولغاچقا، يېڭى يىل باشلانغان كۈننىڭ خاسىيەتلىرى بولىدۇ.

ئەگەر ھەمەل ياكى مۇھەررەم ئېيى يەكشەنبىدىن باشلانسا، شۇ يىلى قۇياشقا تەئەللۇق بولغاچ، يېغىن كۆپ بولغاي، ئۇلۇس ئىچىدە زەخمەتلەر تولا بولغاي، يىل بېشىدا سەل ئەرزانچىلىق، ئاخىرىدا قىممەتچىلىك بولغاي.

ئەگەر ھەمەل ياكى مۇھەررەم دۈشەنبىدىن باشلانسا، بۇ يېڭى ئايغا تەئەللۇق بولغاچ، تەشنالىق كۆپ بولغاي، مائاش ـ مەئىشەت تەڭ ـ قىس بولغاي.

ئەگەر ھەمەل ياكى مۇھەررەم سەيشەنبىدىن باشلانسا، شۇ يىلى مىررىخقا تەئەللۇق بولغاچ، قىش ـ زىمىستان ئىنتايىن قاتتىق بولغاي، قار ـ يامغۇر كۆپ ياغقاي، مېۋىلەرگە، قۇشلارغا ئاپەت تەگكەي، خەلق ئارىسىدا ئۆلۈم تولا بولغاي.

ئەگەر ھەمەل ياكى مۇھەررەم چاھارشەنبىدىن باشلانسا، شۇ يىل ئاتارۇدقا تەئەللۇق بولغاچ، بۇغداي بەك ئوخشىغاي، يامغۇر ئىسسىق ۋاقتىدا ياغقاي، چاقماق ـ يېشىن كۆپ بولغاي، قىيىنچىلىق تولا بولغاي.

ئەگەر ھەمەل ياكى مۇھەررەم پەنجشەنبىدىن باشلانسا، شۇ يىلى مۇشتەرىگە تەئەللۇق بولغاچ، قىش مىيانە ـ ئوتتۇرا ھال ئۆتكەي، بۇغداي ۋە مېۋىلەر سان ـ ساناقسىز بولغاي.

ئەگەر ھەمەل ياكى مۇھەررەم جۈمئەدىن باشلانسا، شۇ يىلى زۆھرەگە تەئەللۇق بولغاچ، قىش ئاسان ئۆتكەي، قار ـ يامغۇر كەم بولغاي، ياشلار ئىچىدە ئۆلۈم تولا بولغاي.

ئەگەر ھەمەل ياكى مۇھەررەم شەنبىدىن باشلانسا، شۇ يىلى زۇھەلگە تەئەللۇق بولغاچ، زىمىستان ئۇزاق ئۆتكەي (سوزۇلغاي)، بۇغداي كەم بولغاي، ئۈزۈمگە ئاپەت يەتكەي.

بۇ تەبىرلەر خەلق ئارىسىدىكى تەجرىبىلەر ئاساسىدا بېرىلگەن بولۇسىمۇ، نىسپىي پەرەزلەردۇر، مۇتلەق شۇنداق بولۇشى ناتايىن.

# ئۇرۇغ - تۇغقانلار ئاتلىرى

بۇرۇنقى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ناھايىتى ئۇزاق ئۆتمۈشتە، ئائىلىق ـ ئۇرۇغداشلىق جەمئىيىتىدىلا، ئۇيا ـ قاياش، تۇركۈن، بوي ـ سوي بولۇپ تەشكىللەنگىنىدىلا، ئۇرۇغ ـ جەمەتلىرىنى ئايرىم ـ ناملار بىلەن ئاتاپ پەرقلەندۈرگەن. قانداش ـ تەگداش، بوي ـ ئايماقلار قوشۇلۇش ـ ئايرىلىش نەتىجىسىدە، ئۇلارنىڭ سۆز ـ ناملىرى بىر ـ بىرىگە سىڭىشكەن. تىل تۇغقانچىلىقى بولىغان ئەل ـ ئۇلەتلەر تىللىرىدا، ئۇرۇغ ـ تۇغقانلارنىڭ ئاتلىرى ئومۇمىي جەھەتتىن ئورتاقلاشقان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىنىك تەركىبىگە كىرگەن ئەل ـ ئۇلەتلەر مۇرەككەپ ۋە ئۇلارنىڭ ياشىغان، كۆچۈپ يۈرگەن ماكانلىرى كەڭرى بولغاچقا، ئۇيا ـ قاياشلارنىڭ ئاتىلىشىدا بەزى پەرقلەر ۋۇجۇدقا كەلگەن. مەسىلەن، قەشقەر ـ خوتەن رايونلىرىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ تۇغقان ئاتا ـ ئانىلىرىنى دادا ـ ئانا دېسە، ئاقسۇ، تۇرپان، قۇمۇل، ئىلى رايونلىرىدا ئومۇمەن ئاتا ـ ئاپا دەيدۇ. لېكىن ھەممە رايونلاردا جۇپلۇك سۆز قىلىپ قوللانغاندا دادا ـ ئاپا ياكى ئاتا ـ ئاپا دېمەي، ئاتا ـ ئانا دەيدۇ. ئۆزىدىن چوڭ قىز قېرىندىشىنى ھەممە رايونلاردا دېگۇدەك ئاچا دەيدۇ، پەقەت تۇرپان رايونىدا «ئايلا»، كېرىيىدە «ئاپا»، ئىلىدا «ھەدە» دەيدۇ. «ئاپا» سۆزى ئوغۇز ـ قارلۇقلاردىن قالغان سۆز. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا يېزىلىشىچە، «ئەچە» (ئاچا) — بۇ سۆز «ئەگە» مۇ دېيىلىدۇ. گاھىدا «ئەگە» بىلەن «ئەچە» قوش سۆز قىلىنىپ «ئەگە ـ ئەچە» — ئېگىچە دېيىلىدۇ. ياغمىلار بۇنى «ئەزە» دەيدۇ. ئىلى رايونىدىكى ئۇيغۇرلار قوللىنىدىغان «ھەدە» سۆزى ئېھتىمال «ئەزە» دىن ئۆزگەرگەن بولۇشى مۇمكىن.

قەدىمكى ۋەسىقە، كىتاب ۋە ئابىدىلەردىكى ئۇرۇغ ـ تۇغقان ئاتىلىرى ۋە خەلق ئارىسىدا كەڭرەك ئىستېمال قىلىنىدىغان تۇغقانچىلىق ئاتىلىرىنى توپلاش ۋە رەتلەش ئاساسىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇغ ـ تۇغقان ناملىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. ئادەتتە، ئۇيغۇرلار سىنخرونىك جەمەتنى «يەتتە پۇشتى»، دىئاخرونىك جەمەتنى «يەتمىش پۇشتى» دەيدۇ. «پۇشت» ـــ ئەۋلاد دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. قازاقلاردا «يەتتە ئاتا» نى بىلىش زۆرۈر شەرت ھېسابلىنىدۇ.

ئادەتتە، «جەمەت» سۆزىنى «بوي» ئورنىدا ئىشلىتىپ «ئاتا جەمەت»، «ئانا جەمەت» دەپ ئاتايمىز. ئەسلىدە بۇ «ئاتا بويان»، «ئانا بويان» دېيىلسە، ئۇنىڭ تارىخىي يىلتىزىنى ئېنىقلاش ۋە بىر ـ بىرىگە باغلاشقا ئۇيغۇن كېلىدۇ. «جەمەت» جامائەتنى ئىخچاملانغان بولۇپ، «توپ» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ؛ «بويان» بىر بويدىن تارالغانلار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇرۇغ ـ تۇغقانلارنى «ئاتا بويان»، «ئانا بويان»، «قېيىن بويان» دېگەن تارماقلار بويىچە قېلىپلاشتۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

## ئاتا بويان

7 ـ ئاتا ـــ ئاغۇن (ئۇلۇغ ئەجداد)
6 ـ ئاتا ـــ قاڭ بابا
5 ـ ئاتا ـــ ئەجۇم بابا
4 ـ ئاتا ـــ بابا
3 ـ ئاتا ـــ دادا (بوۋا)
2 ـ ئاتا ـــ ئاتا (مەنىڭ ئاتىسى)
1 ـ ئاتا ـــ مەن يەنى بالا (ئۇر ـ پەرزەنت) نىڭ ئاتىسى
2 ـ بالا
3 ـ نەۋرە
4 ـ ئەۋرە

5 ـ چەۋرە
6 ـ پەينەۋرە
7 ـ كۈكۈنەۋرە

## ئاتا تەرەپ تۇغقانلار

باباغا ـــ بابانىڭ ئاغىسى ~ چوڭ بوۋا.
باباغى ـــ بابانىڭ ئىنىسى ~ كىچىك بوۋا.
دادا ـــ ئاتىنىڭ ئاتىسى، چوڭ دادا (ئاتا ـــ ئوغۇز ـ قىپچاق تىلىدا دادا دېيىلىدۇ).
داداغا ـــ دادىنىڭ ئاغىسى ~ چوڭ دادا.
داداغى ـــ دادىنىڭ ئىنىسى ~ كىچىك دادا.
داداغانا ـــ دادىنىڭ ئاغا ـ ئىنىلىرىنىڭ خوتۇنلىرى.
ئاتا ـــ ئۆزىنىڭ تاپقان ئاتىسى.
ئاتاغا ـــ ئاتىنىڭ ئاغىسى ~ چوڭ ئاتا.
ئاتاغى ـــ ئاتىنىڭ ئىنىسى ~ كىچىك ئاتا.
ئاپاغا / ئاپاغى ـــ ئاتىنىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرى ~ هامما (هامما ئەرەبچە «ئەممە» دىن ئۆزگەرگەن)
ئۇر ـــ پەرزەنت (ئوغۇل ئۇر، قىز ئۇر).
ئاغا — ئاكا / ئىنى — ئۇكا ـــ بىر تۇغقان ئەر قېرىنداشلار.
ئاچا — ئېگىچە ( ئايلا ، هەدە ) / سىڭىل — قىز ئۇكا بىر تۇغقان قىز قېرىنداشلار.
يەڭگە ـــ ئىنىغا نىسبەتەن ئاغىنىڭ خوتۇنى.
نەۋرە (ئەسلىدە ئوغۇل نەۋرە «تۇرۇن»، قىز نەۋرە «يىگەن» دەپ ئاتالغان. نەۋرە ئەرەبچىدىكى «نەبىرە» دىن ئۆزگەرگەن).
نەۋرىداش — تۇرۇنداش ـــ ئىككى تۇغقان.
ئەۋرە ـــ نەۋرىنىڭ بالىسى.
ئەۋرىداش ـــ ئۈچ تۇغقان.

چەۋرە ــــ ئەۋرىنىڭ بالىسى.
چەۋرىداش ــــ تۆت تۇغقان.
پەينەۋرە ــــ چەۋرىنىڭ بالىسى.
پەينەۋرىداش ــــ بەش تۇغقان.
كۈكۈنەۋرە ــــ پەينەۋرىنىڭ بالىسى.
كۈكۈنەۋرىداش ــــ ئالتە تۇغقان.

ئاتا بويانىدىن تارالغانلار ئاتا قاياش، ئاغا قاياش، ئىنى قاياش، ئاچا قاياش، سىڭىل قاياش دەپ ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتىلىدۇ.

## ئانا بويان

7 ـ ئانا ــــ ئۆكە موما.
6 ـ ئانا ــــ ئەجۇم موما.
5 ـ ئانا ــــ بوي موما.
4 ـ ئانا ــــ ئۇلۇغ موما.
3 ـ ئانا ــــ موما.
2 ـ ئانا ــــ ئانا (مەنىنىڭ ئانىسى).
1 ـ ئانا ــــ مەن يەنى بالا (ئۇر ـ پەرزەنت) نىڭ ئانىسى

2. بالا.
3. نەۋرە.
4. چەۋرە.
5. ئەۋرە.
6. پەينەۋرە.
7. كۈكۈنەۋرە.

### ئانا تەرەپ تۇغقانلار

موماغا ــــ مومانىڭ ئاغىسى.
موماغى ــــ مومانىڭ ئىنىسى.
ئېكە موما ــــ مومانىڭ ئاچىسى.

ئىجى موما ـــ مومانىڭ سىڭلىسى.
ئانا ـــ ئۆزىنى تۇغقان ئانىسى.
ئاناغا ـــ ئانىنىڭ ئاغىسى ~ چوڭ تاغا.
ئاناغى ـــ ئانىنىڭ ئىنىسى ~ كىچىك تاغا.
تاغانا (تاغا ـ ئانا) ـــ تاغىنىڭ خوتۇنلىرى.
كۆكۈي ـــ ئانىنىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرى (چوڭ كۆكۈي، كىچىك كۆكۈي).
كۆكۈياتا ـــ ئانىنىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرىنىڭ ئەرلىرى.
چىقان ـــ كۆكۈينىڭ ئوغلى.
سويان ـــ كۆكۈينىڭ قىزى.
قىز:
نەۋرىدىن كۈكۈنەۋرىكىچە.
ئانا بوي نەۋرە، ئانا بوي ئەۋرە، ئانا بوي چەۋرە، ئانا بوي پەيىنەۋرە، ئانا بوي كۈكۈنەۋرە.
كېلىن ـــ ئوغۇلنىڭ خوتۇنى.

## قېين بويان

قۇدا ـــ ئوغۇل ـ قىزلىرى تويلاشقان ئاتا ـ ئانىلار.
قايىچقۇدا ~ قوش قۇدا ـــ بىركىم قىزىنى ئىككىنچى بىركىمنىڭ ئوغلىغا بەرسە، ئىككىنچى بىركىممۇ قىزىنى ئاشۇ كىشىنىڭ ئوغلىغا بەرسە ياكى قۇدا ئۈستىگە قۇدا بولسا، قايىچقۇدا بولىدۇ.
قېيناغۇن ـــ قېيناتا ـ قېينانىنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى.
قېيناتا ـــ ئەر ـ خوتۇننىڭ بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن ئاتىلىرى.
قېينانا ـــ ئەر ـ خوتۇننىڭ بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن ئانىلىرى.
قېيناغا ـــ ئەر ـ خوتۇننىڭ بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن ئاغىلىرى.
يۈرچ ~ قېينىنى ـــ ئەر ـ خوتۇننىڭ بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن ئىنىلىرى.

بالتىر ~ قېيناچا ـــ ئەر ـ خوتۇننىڭ بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن ئاچىلىرى.
بالدىز ~ قېينسىڭىل ـــ ئەر ـ خوتۇننىڭ بىر ـ بىرىگە نىسبەتەن سىڭىللىرى.
كۈيئوغۇل ـــ قىزنىڭ ئېرى.
توڭۇر ـــ ئەرگە نىسبەتەن خوتۇن تەرەپتىن بولغان تۇغقانلار. يەنى خوتۇننىڭ قېرىنداشلىرى.
باجا ـــ ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ ئەرلىرى.
يەزنە ـــ ئاچىنىڭ ئېرى.
بۇلاردىن باشقا، يېقىن ـ يورۇقلارنىڭ ۋە ھەرخىل مۇناسىۋەتلىك ـ لەرنىڭ مەخسۇس ئاتلىرى بار:
قايداش ـــ ئاتا بىر، ئانا باشقا بىر تۇغقان.
ئىگدىش ـــ ئانا بىر، ئاتا باشقا بىر تۇغقان.
ئىككىزەك ~ قوشكېزەك ـــ بىر قورساقتىن تۇغۇلغان ئىككى بالا.
قايلىق ـــ بويىغا يەتكەن قىز، بۇنى «يىنچىك قىز» دەپمۇ ئاتايدۇ.
ئەتەگە ~ ئەتكە ـــ باققۇچى ئاتا.
ئىنەگە ~ ئەنكە ـــ باققۇچى ئانا.
ئۆگەي ~ قاڭسىق ـــ ئاتا ـ ئانىدىن بىر تەرەپ بىللە ئېلىپ كەلگەن بالا. بۇ بالىغا نىسبەتەن ئاتا ـ ئانىدىن بىر تەرەپمۇ «ئۆگەي» دېيىلىدۇ. مەسىلەن، ئۆگەي ئاتا، ئۆگەي ئانا، ئۆگەي بالا.
تۇتۇنچۇ ـــ تۇتۇنغان، ئاتا ياكى ئانا تۇتقان، شۇنىڭدەك بالىغا نىسبەتەن ـ مۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. تۇتۇنچۇ ئاتا، تۇتۇنچۇ ئانا، تۇتۇنچۇغول، تۇتۇنچۇقىز.
تۇل ـــ ئەرسىز خوتۇن.
بويتاق ـــ خوتۇنسىز ئەر.
قۇدۇز ـــ چوكان، جۇۋان، سېكىلەك، ئەرگە تەگكەن ياش ئايال.

«چوكان» — يىڭى پوتلا چىقارغان تال - سۆگەت.
«جوۋان» — پارسچە يىگىت مەنىسىدىكى سۆز، بۇ سۆز كۆچمە مەنىدە ياش ئايالغىمۇ ئىشلىتىلگەن.
يوفغا ~ يوۋغا — ئاسراندى، ئاسراپ قېلىنغان.
يېتىم — ئاتا - ئانىسىدىن بىرى ئۆلۈپ كەتكەن بالا.
قارا يېتىم — ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن بالا.
ئوبۇشقا — قېرى ئەر.
ئوراغۇت — قېرى خوتۇن.
كىشى — ئەرگە نىسبەتەن ئۆز ئايالى ۋە ياكى ئايالغا نىسبەتەن ئۆز ئېرى.
ئېمىلداش — بىر ئانىنى ئەمگەن ئۇرۇغ - تۇغقان باللار.
كۆكۈلداش — ئۇرۇغ - تۇغقانچىلىقى يوق باللاردىن بىر ئانىنى ئەمگەنلەر.
تۆركۈن — ئائىلە، ئۇيا - قاياشتىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئايرىم «ئۆي - ئوتاق» قۇرغانلار. شۇنىڭدەك بىر فامىلىنى تەشكىل قىلغانلار. شۇڭا بۇ سۆزنى («ئائىلە» مەنىسىدە ئەمەس) «فامىلە» ئورنىدا ئىشلەتىسىمۇ بولىدۇ.
قاڭداش — ئەجدادى بىر بولغانلار.
بويداش — بىر «بوي» (قەبىلە) دىن بولغانلار.
ئاغۇن — يىلتىزى ئېپتىدائىي جەمئىيەتتىن باشلانغان ئەجدادلار.
ئوغۇش — ئەۋلاد، ئەجدادنىڭ ئىزباسارلىرى، كەلگۈسى ئوغۇش — كەلگۈسى ئەۋلاد (قۇمۇل تەرەپلىرىدە «بوغۇن» دەپمۇ ئاتىلىدۇ).
ئەل كۈن — خەلقئالەم، ئاھالە، ئىنسانىيەت.
ئەل - يۇرت — يۇرت جامائەت.
ئۆز — ئۆز ئادەم، ئۆز خەلق.
ئۆزگە — باشقا، بىگانە.

ئەگەچ ـــ «ئۆزىنىڭ ئەقىللىقلىقى ۋە زېرەكلىكى بىلەن كىشىلەرگە ئۆز سىڭلىسىدەك تۇيۇلىدىغان قىزچاق. بۇ سۆز قىزچاقلارنى ئامراق كۆرۈش ۋە ئەركىلىتىشكە ئىشلىتىلىدۇ.» («دىۋان» I جىلد)

ئەنەچ ـــ «كىچىك بولۇشىغا قارىماي، ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى بىلەن ھەممىگە ئۆز ئانىسىدەك تۇيۇلىدىغان قىزچاق، ئانىقىز. بۇ سۆز قىزلارنى ئەركىلىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.» («دىۋان» I جىلد)

ئىمرەم ـــ «جامائەت. يۇرتتىن بىرەر ئىشقا توپلانغان خەلق توپى. ئىمرەم تەبرەشتى ـــ خەلق توپى تەۋرەشتى». (دىۋان» I جىلد 145)

كۇدەن ـــ «بالىغا ئات قويۇش زىياپىتى» («دىۋان» I جىلد)

گۈل قويۇش ـــ بىركىمنىڭ قىزنى دەسلەپكى قەدەمدە ماقۇللىشىپ ئازراق ئادەمگەرچىلىك قىلماق. مۇنداق قىز «بېشى باغلاقلىق» دېيىلىدۇ. ماقۇللۇق ئالغان تەرەپ «پالانچىنىڭ قىزىغا گۈل قويۇپ قويدۇق» دەيدۇ.

**ئەسلەتمە :**

① بۇ ناملارغا ئەرەبچە ـ پارسچىدىكى «ئەممە» «ئابا»، «خالە»، «بۇرادەر»، «پەدەر ـ مەدەر»، «ۋالىد ـ ۋالىدە»، «ئايىم» دېگەندەك سۆزلەرنى قوللانمىدۇق.

② ئادەتتە ئانىنىڭ ئاغا ـ ئىنىلىرى تاغا دېيىلەتتى. لېكىن بەزى جايلاردا، ئاتىنىڭ ئاغا ـ ئىنىلىرىمۇ تاغا دېيىلمەكتە. شۇڭا، «تاغا» سۆزىنى ئۆزىدىن چوڭ ۋە تونۇمايدىغان بىركىمنى قىچقىرىشقا قوللانسا؛ شۇنىڭدەك، ئۆزىدىن چوڭ ۋە تونۇمايدىغان ئاياللارنى «ھامما» دەپ چاقىرسا، ئۇرۇغ ـ تۇغقانلار ئاتلىرىغا ئارىلىشىپ كەتمەس دېگەن پىكىردىمەن.

③ «قى» / «غى» قوشۇمچىسى ھەققىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مۇنداق دېيىلگەن: «تۇغقانچىلىقنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىپ، سۆيۈمچانلىقنى بىلدۈرىدىغان قوشۇمچە، ئاتاقى، ئاناقى.» (Ⅲ . 293) باشقا قېرىنداش تىللاردىمۇ، «غى» قوشۇمچىسى ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، قۇدا ـ قۇداغى (ئەر ـ ئايال قۇدىلار). مۇشۇنى نەزەردە تۇرۇپ، بابا، دادا، ئاتا، ئانالارنىڭ ئىنىلىرىنى «باباغى، داداغى، ئاتاغى، ئاناغى» دەپ ئاتىسا، «ئەركەك قۇدا»، «چىشى قۇدا» دېمەي، «قۇدا، «قۇداغى» دېيىلسە، «دىۋان» دا، ئەركەك، چىشى دېگەن سۆزلەر ھايۋانلارغا ئىشلىتىلىدۇ دېيىلگەن.

# ئۇيغۇرلاردا رەڭ - بوياق ئاتالغۇلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭ توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرى ئۇزاق - قەدىمكى زاماندىلا شەكىللەنگەن ۋە رەڭلەرنىڭ خاسىيەتلىرى توغرىسىدا خاس تەبىرلەر بېرىلگەن. ئۇيغۇرلادا رەڭ توغرىسىدىكى ئاتالغۇلارنىڭ موللۇقى ۋە خىلمۇخىلىقى ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي هاياتلىرىدىن كېلىپ چىققان.

ئۇيغۇرلاردا، ئەسلىدە تۈپ رەڭلەر تۆت خىل ئىدى: ئاق، قارا، كۆك، قىزىل. بۇ رەڭلەر تەرەپلەرگە ۋەكىللىك قىلىش بىلەن بىللە، تۇرمۇشتا هەرخىل ئىپادىلەرنى بىلدۈرەتتى. كېيىن قوشنا قوۋملەردىن سېرىق چۈشەنچىسىنى قوبۇل قىلدى، بۇ مەركەزنى ۋە مەركەزنى ئىلىكدايـدىغان هۆكۈمرانىنى هەم بايلىقنى بىلدۈرىدىغان رەڭ قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن تۈپ رەڭلەر بەش خىل بولدى. تۈپ رەڭلەر — ئانا رەڭ دەپمۇ ئاتالدى. باشقا خىلمۇ خىل رەڭلەر بولسا، ئانا رەڭدىن تۇسلەنگەن رەڭلەر — ئارىلىق رەڭلەر دەپ ئاتالدى. بۇ «ئىككىلەمچى رەڭ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يەنى قىزىل، سېرىق، كۆك رەڭلەردىن ئىككى خىل ئەسلى (تۈپ) رەڭنىڭ ئارىلىششىدىن هاسىل بولغان رەڭ دېمەكتۇر. مەسىلەن، قىزىل بىلەن سېرىق ئارىلاشسا نارەنج رەڭ هاسىل بولىدۇ؛ سېرىق بىلەن كۆك ئارىلاشسا يېشىل هاسىل بولىدۇ؛ كۆك بىلەن قىزىل ئارىلاشسا سۆسۈنە هاسىل بولىدۇ. ئارىلىق (ئىككىلەمچى) رەڭ بىلەن ئارىلىق رەڭ ئارىلاشسا قايتا ئارىلىق (كۆپلەمچى) رەڭ هاسىل بولىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا رەڭ ئاتالغۇلىرى ئىككى چوڭ تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ: بىرى،

تۇپ رەڭلەر ۋە تۇپ رەڭلەرنىڭ ئارىلىشىشىدىن ھاسىل بولغان بىرلەمچى ۋە ئىككىلەمچى (كۆپلەمچى) رەڭلەر؛ يەنە بىرى، بۇيۇم ـ جىسىملار تۇسى بىلەن ئاتىلىدىغان رەڭلەر.

## تۇپ ۋە ئىككىلەمچى (كۆپلەمچى) رەڭلەر

1. ئاق، قارا، كۆك، قىزىل، سېرىق؛

2. يېشىل، قوڭۇر، سۆسۈنە، يەبكىن (ئالا)، چار، ياغىز ياكى بوز، چىپار؛

3. تۇپ ۋە ئىككىلەمچى رەڭلەرگە ئاشۇرما ۋە كەمستىش سۇپەتلىرىنى قوشۇش يولى بىلەن يەنە بىرمۇنچە كۆپلەمچى رەڭلەر ھاسىل قىلىندۇ.

تۇپ رەڭلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىغا «پ» تاۋۇشىنى قوشۇپ ئايرىم بىر بوغۇم قىلىپ كەينىدىن تۇپ رەڭنى تەكرارلاش يولى بىلەن رەڭنىڭ تۇسىنى ئاشۇرىدىغان سۆز ياسىلىدۇ. مەسىلەن، ئاپئاق، قاپقارا، قىپقىزىل، كۆپكۆك، ساپسېرىق، يايپېشىل.

تۇپ ياكى ئىككىلەمچى رەڭلەرنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنىڭ كەينىگە «راق ـ رەك» قوشۇمچىسىنى قوشۇش يولى بىلەن، تۇپ ياكى ئىككىلەمچى رەڭلەرنىڭ ئەسلىگە تېخىمۇ يېقىنلىقىنى بىلدۈرىدىغان تۇسلەر ياسىلىدۇ. مەسىلەن، قاراراق، ئاقراق، كۆكرەك، قىزىلراق، يېشىلراق، سۆسۈنرەك، ياغىزراق ياكى بوزراق، يەپكىنرەك.

تۇپ ياكى ئىككىلەمچى رەڭلەرنىڭ سەل ئۆزگەنگە مايىلراق تۇسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، تۇپ ياكى ئىككىلەمچى رەڭلەرنىڭ ئالدىغا «ئاچ»، «سۇس» سۆزلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن، ئاچ قىزىل، سۇس قىزىل، ئاچ كۆك، سۇس كۆك دېگەندەك.

بۇنىڭ ئەكسىچە، رەڭلەرنىڭ راسا تويۇنغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، تۇپ ياكى ئىككىلەمچى رەڭلەرنىڭ ئالدىغا «توم»، «توق» «ئىس-

سىق» سۆزلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن، تۇم قارا، توق قىزىل، ئىسسىق يېشىل...

تۇپ ياكى ئىككىلەمچى رەڭلەرنىڭ ئالدىغا «ئاق» ياكى «قارا» قوشۇلۇش بىلەن، رەڭلەرنىڭ تۈسلىرى مەزكۇر ئېنىقلىغۇچىلارغا مايىللىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، ئاق سېرىق، قارا قىزىل...

تۇپ ياكى ئىككىلەمچى رەڭلەرنىڭ ئەسلى تۈسلىرىنىڭ سۇسلاشقان تۈرىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، «ۇچ ـ ۈچ»، ياكى «غۇچ ـ قۇچ» ۋە ياكى «متۇل / ۇمتۇل» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ ياسىلىدۇ: مەسىلەن، ئاقۇچ، كۆكۈچ، سارغۇچ، قىزغۇچ، قارامتۇل، كۆكۈمتۇل...

بۇنداق رەڭلەرنى تېخىمۇ تۈرلەندۈرۈپ، ئانچە سۇسلاشمىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، يەنە «راق ـ رەك» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن، ئاقۇچراق، كۆكۈچرەك، قارامتۇلراق...

## بۇيۇم ـ جىسىملار تۈسلىرى بىلەن ئاتىلىدىغان رەڭلەر

ئۇيغۇر تىلىدا، بۇيۇم ـ جىسىملارنىڭ تۈسلىرى بىلەن ئاتىلىدىغان رەڭلەر ناھايىتى تولا. مۇنداق رەڭ ئاتالغۇلىرى چوڭ ئۈچ تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ: تەبىئەت جىسىملىرىنىڭ تۈسلىرى بىلەن ئاتىلىدىغانلار، ئۆسۈملۈك (جۈملىدىن مېۋە ـ چېۋە) تۈسلىرى بىلەن ئاتىلىدىغانلار، ھايۋان ياكى ئىنسان ئەزالىرىنىڭ تۈسلىرى بىلەن ئاتىلىدىغانلار.

1. تەبىئەت جىسىملىرىنىڭ تۈسلىرى بىلەن ئاتىلىدىغان رەڭلەر:

سېغىزرەڭ، ھاۋا رەڭ، توپا رەڭ، پورەڭ، تۆمۈر كۆكى، مىس رەڭ، كۈمۈش رەڭ، زەر رەڭ، بوز رەڭ، كۈل رەڭ...

2. ئۆسۈملۈك (جۈملىدىن مېۋە ـ چېۋە) تۈسلىرى بىلەن ئاتىلىدىغان رەڭلەر:

ئۆسۈملۈك تۈسلىرى بىلەن ئاتىلىدىغان رەڭلەر:

مايسا رەڭ، ماش رەڭ، زىغىر رەڭ، چەيزە رەڭ، يۇلغۇن چېچىكى

(رەڭ)، زاراڭزا چېچىكى (رەڭ)، بوغداي رەڭ، پىياز كۆكى (رەڭ)، ئاشكۆكى (رەڭ)، زەيتۇن رەڭ، زەپە رەڭ.

مېۋە چېۋە تۇسلىرى بىلەن ئاتىلىدىغان رەڭلەر:

ئانار رەڭ، خورما رەڭ، كاۋا رەڭ، نارەنجى رەڭ، ئالما ئۇرۇقى (رەڭ)، شاپتۇل چېچىكى (رەڭ)، مېغىز رەڭ.

3. هايۋان ـ جانىۋار ياكى ئىنسان ئەزالىرىنىڭ تۇسلىرى بىلەن ئاتىلىدىغان رەڭلەر:

قان رەڭ، ئەت رەڭ، جىگەر (بېغىر) رەڭ، ئۆپكە سىلى (رەڭ)، توخۇم سېرىقى (رەڭ)، پاختەك توكى (رەڭ)، تۆگە رەڭ، سۈت رەڭ، ئېشەك تۇمشۇقى (رەڭ).

يۇقىرىدىكى رەڭلەردىن باشقا، ناۋات رەڭ دېگەندەك تۇرلەرگە كىرمەيدىغان خاس رەڭلەر بار.

ئۇيغۇرلاردا ئات مەدەنىيىتى خېلى بۇرۇن شەكىللەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئاتلارنىڭ تۇسلىرىنى بىلدۈرىدىغان خاس رەڭلەرمۇ تولا.

# ئات ھەققىدە چۈشەنچىلەر

ئۇيغۇرلار ئاتنى بالدۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، «ئات مەدەنىيىتى» نى ياراتـقان مىللەتلەردىن بىرى. قەدىمكى يارىش يازىقى ۋە تۇرۇم ساي بويلىرى ياۋا ئاتلارنىڭ ھاياتلىق ماكانى ئىدى، ھازىرمۇ بۇ ماكاندا ياۋا ئاتلارنىڭ ئەۋلادى بار. ئىقتىسادىي تۇرمۇش، قاتناش ـ ئالاقە ۋە ھەربىي يۈرۈش جەھەتلىرىدە، ئات نۇرغۇن ئوڭۇشلۇق تۇغدۇرۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇيغۇرلاردا ئاتنى ئۇلۇغلاش چۈشەنچىسى پەيدا بولغان.

مەھمۇت كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مۇنداق ماقالنى قەيت قىلغان: «قۇش قاناتىن، ئەر ئاتىن ـــ قۇش قانىتى بىلەن، ئەر ئېتى بىلەن» ـــ يەنى قۇشقا قانات قانداق كېرەك بولسا، ئەرگە ئات شۇنداق كېرەك.

قاغانلارنىڭ قاغانى ئالب ئەرتوڭا (ئافراسىياب) «ئەرگە ئات، كۆككە ئاي»، يەنى ئاسماندا ئاي بولمىسا بولمىغاندەك، ئەرگە ئات بولمىسا بولمايدۇ دېگەنىكەن.

مەھمۇت كاشغەرىنىڭ «دىۋان» دا چۈشەندۈرۈشىچە، «ئەل ـــ ئاتنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمى. ئات تۈركلەرنىڭ قانىتى بولغانلىقتىن، ئاتنى ‹ئەل› دەپمۇ ئاتايدۇ. ‹ئات باقار› نى ‹ئەل باشى› دېيىش شۇنىڭدىن كەلگەن». ئەل (خەلق، يۇرت، مەملىكەت) بىلەن ئات بىر مەنىدە ئىشلىتىلگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە، ئەر (باتۇر) بىلەن ئاتنى تەڭ قويۇپ مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

ئاگا يىغلۇ تەرلۇر ئەر ـ ئات سۇ بولۇر،
ئەر ـ ئات سۇ بىلە ئەر تىلەكىن بولۇر.
(ئاگا ـــ بەگكە باتۇرلار بىلەن ئات يىغىلىپ قوشۇن بولۇر، باتۇرلار ۋە ئاتلار ـــ بۇ قوشۇن بىلەن ئەر تىلىكىگە يېتۇر).

ئاژۇنقى بۆگۈ بەگ نەلۈك گەنج ئۇرۇر،
ئەر ـ ئات قايدا بولسا ئانۇق گەنج ئالۇر.
(جاھان تۇتقان ئاقىل بەگ نىچۈك خەزىنە يىغۇر،
ئەر ـ ئات قايدا بولسا ئېنىق خەزىنە ئالۇر.)
بۇ ئەل تۇتغۇقا كۆپ ئەر ـ ئات سۇ كېرەك،
ئەر ـ ئات تۇتغۇقا نەڭ ـ تاۋار تۇ كېرەك،
(ئەلنى تۇتۇشقا كۆپ باتۇر ـ ئات قوشۇن كېرەك،
باتۇر ـــ ئات تۇتۇشقا مال ـ تاۋار نۇرغۇن كېرەك).

قەدىمكى خەلق داستانلىرى ۋە چۆچەكلەردە ھەرقانداق قەھرىمانىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئاتلىرى بارلىقى ۋە بۇ ئاتلار قەھرىمان ئۆز جاسارىتىنى كۆرسىتىشتە ئەڭ زور ياردەمچى ئىكەنلىكىگە دائىر ئاجايىپ تەسىرلىك ۋەقەلەر كۆپ تەسۋىرلەنگەن. تۇرمۇشتا ئاتنىڭ ئادەمدىن ھوشيار ۋە ئۆز ئۇيۇرى (تويىغا ـــ پۇشتى ۋە جەددى ـ جەمەتى)غا سادىق ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان. خەلق ئىچىدە «ئات يەتتە پۇشتىنى بىلىدۇ» دېگەن ماقال بار. تەجرىبىدە كۆرۈلۈشىچە، بىرەر ئايغىرنى بايتاللارغا قويۇپ بەرسە، ئەگەر شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزگە پۇشتداش بايتال بولسا، ئۇنى ئۇيۇردىن تېپىپ ـ چاپچىپ چىقىرىۋېتىدىكەن؛ مۇبادا ئايغىرنى كۆزىنى تېڭىپ مەست قىلىپ ئۇ بايتالغا چاپتۇرسا، كېيىن ئايغىر بۇنى سېزىپ قېلىپ، بۇ قىلمىشنى ئار ئېلىپ ئاغرىپ ئۆلۈپ قالىدىكەن. ئات ئۆز ئىگىسىنى بىرەر پالاكەتتە تاشلاپ كەتمەيدۇ. ئاتنىڭ شۇنداق خىسلەتلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئاتنى ئۇلۇغلاپ كەلگەن.
خەلقىمىز ئاتلارنىڭ خاسىيەتلىرىنى، پەزىلەتلىرىنى ئوبدان بىلىدۇ.

شۇڭا ئاتلارغا تۇرلۇك ناملارنى بەرگەن. ئۇيغۇر تىلىدا ئات ۋە ئاتقا ئالاقىدار سۆزلەر ناھايىتى كۆپ.

پارس ئەدىبلىرىدىن غىياسىددىن ئابدۇلفەتھ ئۆمەر ئىبنى ئىبراھىم ــ ھەييامىي نىشاپۇرىي (1048 ــ 1132): «بۇگۈن ھېچبىر گۇرۇھ بۇ (ئاتلار، ئۇلارنىڭ پەزىلەت ۋە كەمچىلىكلىرى)نى تۇركلەردىن ياخشىراق بىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز ئات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ۋە جاھان ئۇلارنىڭ قولىدادۇر» دەپ يازغان.

تۈركىي تىلدا ئاتنىڭ يىلقى، يۇند، ئەل دېگەن ناملىرى بولغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مەھمۇت كاشغەرى بۇ ناملارنى مۇنداق ئىزاھلىغان: «يىلقى ــ ئىرقارا. چوڭ ماللارغا بېرىلگەن ئىسىم». كېيىنچە بۇ ئىسىم چوڭ ماللارنىڭ پادىشاھى دەپ سۈپەتلەنگەن ئاتقا خاس ئىسىم بولۇپ قالغان. «يۇند ــ ئات، يىلقا. بۇ تۈگە دېگەن سۆزگە ئوخشاش بىرلىككىمۇ ـ كۆپلۈككىمۇ ئىشلىتىۋېرىلىدىغان ئورتاق ئىسىم».

ئاتلارنىڭ ئەركىكى ــ ئايغىر، پىچىلغىنى ــ ئاختا، چىشىسى ــ بىيە، بايتال؛ ئېگىز بويلۇقى ــ ئارغىماق، جۇغى كىچىك پارپىسى ــ تۇتى، شالغۇت ئات ــ ئارقۇن دېيىلىدۇ. «ئارقۇن ــ ياۋا ئايغىر بىلەن ئۆي بايتىلىدىن تۇغۇلغان ئات. بەيگىدە كۆپىنچە مۇشۇنداق ئات ئوزۇپ چىقىدۇ». («دىۋان» I جىلد).

يېڭى تۇغۇلغىنى ــ قۇلۇن، يىل ئاتلاپ تۇغۇلغان قۇلۇن ــ سەلكەش، بىر ياشلىقى ــ تاي، بىر ياشتىن ئاشقىنى ــ سىپ، ئىككى ياشارى ــ غونان، ئۈچ ياشارى ــ دونان، تۆت ياشارى ــ تولان، بەش ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن ئاسى، بىر ئاسى، ئىككى... ئاسى دەپ ئاتىلىۋېرىدۇ. ئومۇمەن، تۆت ياشتىن ئاشقان ئاتلار ــ ئۆگ ئات دېيىلىدۇ.

تۇغمىغان (بوغاز بولمىغان) بايتال ــ قىسىر ياكى قىسراق، بوغاز بايتال ــ قۇلناچى قىسراق دېيىلىدۇ. قىسراق ناھايىتى يۇگۈرۈك كېلىدۇ. شۇڭا «قىز بىلەن كۈرەشمە، قىسراق بىلە يارىشما» (قىز بىلەن چېلىشما، قىسىر بايتال بىلەن چېپىشما) دېگەن ماقال پەيدا بولغان. تۆۋەندىكى سۆزلەر «دىۋان» دا قەيت قىلىنغان سۆزلەردۇر:

ئازما يىلقى ـــ قىرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئىشلەتمەي قويۇپ بېرىلـ-
گەن يىلقا.

ئۇلاغ ـــ بەگلەرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يۈرىدىغان چەپەرچىنىڭ
بېكەتلەردە يەڭگۈشلەپ مىنىدىغان ئېتى. ھازىرمۇ ئات ـ ئۇلاغ دەپ
جۈپلۈك سۆز قىلىپمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

كۆلۈك ـــ يۈك ئارتىلىدىغان ئۇلاغ.

تۇغزاغ ـــ ئۇرۇش ۋاقتىدا خاقان تەرىپىدىن ئەسكەرلەرگە بېرىلىپ،
ئۇرۇش تۈگىگەندە ياندۇرۇۋېلىنىدىغان ئات.

قوش ئات ـــ خاننىڭ يېنىدا ئېلىپ ماڭىدىغان يېتەك ئات.

يازۇق ئات ـــ يېشىك ئات، باغلاقتىن يېشىلىپ كەتكەن ئات.

## ئاتلارنىڭ تۈس بويىچە ئىسىملىرى

ئۇيغۇر تىلىدا، ئاتلارنىڭ تۈسىنىلا بىلدۈرىدىغان خاس رەڭلەر بار.
تۈپ رەڭلەردىن ئاق، قارا ئىشلىتىلگەندىن باشقا، ئاتقا خاس رەڭلەر:

جەدە ـــ پارىسچە سۇرخ، قىزغۇچ.

تورۇغ ـــ قارا قىزىل، چىلان رەڭگىدە.

شىرغا ـــ «چىلگۈ» مۇ دېيىلىدۇ. كۆكۈچ ئاق، كۈمۈش رەڭ.
بۇنى پارسلار «سىمگۇن» دەيدۇ.

قۇلا ـــ «قۇبا» مۇ دېيىلىدۇ. «رەڭگى سېرىق بىلەن ئاچ قىزىل
ئوتتۇرىسىدىكى ئات». («دىۋان» Ⅲ جىلد، 299)

كۆرەڭ ـــ خورما رەڭگە مايىل كۆكۈچ.

سۇر ـــ سەل قىزغۇچ كۆل رەڭ. پارسلار «بۇرسەر» دەيدۇ.

بۇرۇل ـــ قىزىلراق قوڭۇر تۈسلۈك.

تىغ ـــ تىغ ئات، قارا قىزىل بىلەن ئاچ قىزىل ئوتتۇرىسىدىكى
تۈس.

تاز ـــ تازئات، چىپار ئات. «تازئات تاۋارچى بولماس ـــ تاز
ئات يۈك كۆتۈرەلمەس، چۈنكى ئۇنىڭ تۇيىقى يامان».

ئوي ئات ــــ قارامتۇل توروُغ ئات.
قىزغۇل ئات ــــ قىزىل ـ بۇرۇل ئات.
«توروُغ» نىڭ بىرقانچە تۈرلىرى بار: قارا توروُغ ــــ قارا بولۇتقا ئوخشاش چىلان رەڭ، بۇنى پارسلار «ئەبركەس» دەيدۇ؛
تۇم توروُغ ــــ تولغان توروُغ، بۇنى پارسلار «ئەبرگۇن» دەيدۇ.
بوز ئات ــــ «قىرئات» مۇ دېيىلىدۇ. «بۇ چىرايلىق رەڭ ئەمەس. ھەرقانداق ھايۋاننىڭ رەڭگى ئاق بىلەن قىزىل ئوتتۇرىسىدا بولسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ».
«تىغ ئات ــــ «تىغ ئات، قارا قىزىل بىلەن ئاچ قىزىل ئارىسىدىكى ئات». («دىۋان» Ⅲ جىلد، 176)
ئىككى رەڭ ياكى ئالدىغا سۈپەت سۆز قوشۇلۇپ بىر خىل تۈسنى بىلدۈرىدىغان رەڭلەرمۇ بار: تۇم بوز، قىزىل بوز، چا بوز، تۆمۈر كۆك، سۇر كۆك، شىرغا قۇلا، دول كۈل رەڭ، تاغىل شىرغا، بۇرۇل ئالا، كۆك ئالا (سېغىزغان رەڭگىدەك كۆك) ۋە باشقىلار.

## ئاتلارنىڭ مەلۇم ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپ، قويۇلغان ئىسىملار

بۇل ئات ــــ ئاق پاچاق ئات.
ئۇغار ئات ــــ قاشقا ئات. پېشانىسىدە قاشقىسى بار ئات «ئۇغار بۇل» دېيىلىدۇ.
تۈكۈز ئات ــــ پېشانىسىدە تەڭگىدەك ئېقى بار ئات، ئاق قاشقا ئات. بۇ «قاشقا ئات» مۇ دېيىلىدۇ.
بۆگرۈل ئات ــــ ئىككى بىقىنى ئاق ئات.
ياغىز ئات ــــ ياغىز، قىزىل بىلەن قارا ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل رەڭ، يەرنىڭ رەڭگى شۇنىڭغا ئوخشىتىلىپ، ياغىز يەر دېيىلىدۇ. ياغىز ئات ــــ قوڭۇر ئات. قارا توروُغ ئات. بۇنداق رەڭنى پارسلار «خاكرەڭ» دەيدۇ.

تىش ئات ـــ قاشقىسى كۆزگىچە بارغان، قۇلاقلىرىغا يەتمىگەن، تۇمشۇقىغىمۇ سوزۇلۇپ چۈشمىگەن ئات.

چابدار ـــ كۈمۈش رەڭ يايلىلىق ئات.

سەپ ئات ـــ سەپ كۈلۈك، كۆكۈمتۈل قارا ئات.

«يالغىل ئات ـــ ئاق ياللىق ئات».

تاغىل شىرغا ـــ ئالدى پاچىقى تاغىل شىرغا ئات.

قالتار ـــ ئاق تۇمشۇق چىلان تورۇغ.

چاغال ـــ چىپار بويناق ئات.

«بويمال ئات ـــ بوينىدا ئىقى بار ئات».

ئەجدەر چوقۇر ـــ ئەجدەر تۈسلۈك چوقۇر ئات.

بوپ كۈلۈك ـــ بوبرا كېپىكتەك ئات.

ماڭلاي تورۇغ ـــ ئايدەك قاشقىسى بار تورۇغ ئات.

ھىلالى شىرغا ـــ تۇرقى ھىلال ئايدەك ئىنچىكە بەل شىرغا.

كۈمەيت جەدە ـــ يايلى قىزغۇچ، قۇيرۇقى قارا جەدە.

جۇغدار ـــ چوققىسىدا ئۇزۇن قىللىرى بار ئات.

تۇلپار ـــ ئاتلارنىڭ ئەڭ چاپقۇرى.

بۇلاردىن باشقا، چوقۇر، سەپكۈل، چاقان (كۆزى چاقىدىغان)، ئاق يۈز، ئاق چاپاق، ئاق قاشقار، قۇش تۇمشۇق، ئاق پاچاق، خۇش رەپتار (سىلىق يۈرۈشلۈك) دېيىلىدىغانلىرىمۇ بار.

ئاتلارنىڭ سەرخىلى توغرىسىدا ئىلگىرىكى زاماندىكى مەشھۇر زاتلار ئۆز تەجرىبىلىرى بويىچە، ئاتلارنىڭ ئېسىللىرىنى تەرىپلىگەن. ئۆمەر ھەييام كەلتۈرگەن نەقىلدە ئېيتىلىشىچە، يۇنان ھەكىملىرىدىن ئارستوتېل «ھاي-ۋانلارنىڭ پەيدا بولۇشى» دېگەن كىتابىنىڭ V بابىدا مۇنداق دەپتىكەن: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، قۇش رەڭگىدىكى، بولۇپمۇ ئاق ئات ياخشى ۋە ئەتىۋارلىق. بۇنداق ئاتنىڭ ئىگىسى جەڭدە ھەمىشە زەپەر قازىنىدۇ. زەردە (سېرىق) ئاتنىڭ كۆزى كۆل رەڭ، ئۆزى قەھرىۋا رەڭگىدە. بۇركۇت سۈپەت ھىڭغا ئوخشايدىغان، ئاق ۋە سېرىق بەلگىلىك ياكى ئاق پاچاقلىق قىزغۇچ ھىڭ ياكى يۈزى ۋە پاچاقلىرى ئاق كۈمەيت رەڭلىك ئات ـــ

بۇلارنىڭ ھەممىسى بەخت ۋە خۇشاللىق بېغىشلىغۇچىلاردۇر. ئاتلارنىڭ قۇتلۇق نىشانلىقىدىن بىرى پارسچىدە «گۇرد» (باتۇر) دېيىلىدۇ. سېرىق ۋە قىزغۇچ ئات سوغۇقا چىدىمايدۇ. ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب ئەڭ جەسۇر ئات — كۆمەيت (يايلى قىزغۇچ، قۇيرۇقى قارا تۇلپار)، ئەڭ قورقۇمسىزى — تۇم قارا، ئەڭ كۈچلۈكى ۋە خۇشخۇيلۇقى — ھىڭ (ئاق تۇلپارنىڭ بىر نەسلى)، ئەڭ قاۋۇلى — سەمەن، دېگەنىكەن.

مەھمۇت كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەسىرىدە، ئاتلارنىڭ رەڭلىرى توغرىسىدا نەمۇنىلەرنى كۆرسەتكەندىن باشقا، ئېسىل ئاتلارنىمۇ ئالاھىدە قەيت قىلغان:

«ئوزۇق ئات — ئوزار ئات. بەيگە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلاردا باشقا ئاتلاردىن ئۆتۈپ كېتىدىغان ئات».

«ئىقلاچ — شوخ، يۈگۈرۈك ئات. ماقالدا كەلگەن: ئالب ئەرىك ياۋرىتما، ئىقلاچ ئارقاسىن ياغرىتما — باتۇر ئەرنى خار قىلما، ئىقلاچ ئۈچىسىنى يېغىر قىلما».

«يۈگۈرۈك ئات — بەيگىدە ئوزۇپ چىقىدىغان ئات».

«يورىغا ئات — يورغا ئات».

«كەۋەل — يورغا، كەۋەل ئات — سىلىق يورغا ئات».

«كەتكى ئات — تۆشلۈك ئات، بېلى ئىنچىكە، تۆشى كەڭ ئات».

«يەلكىن — تېز چاپار، يەلكىن ئاتلىغ — چاپار ئاتلىق، يەلدەك يۈگۈرۈك ئاتلىق».

«ئۆكۈش يىلقى — توسۇن يىلقا».

«كەرشەگۈ ئات — كەرشىگۈ ئات، گەجگىسى يېغىر ئات».

«ئازىغلىغ ئات — ئېزىقلىق، ئېزىق چىشلىق ئات».

«سالغا ئات — ئاغزى قاتتىق ئات».

«ساش ئات — شاش، خۇيلۇق ئات».

«ئۇلدۇق ئات — ئۇلدۇق، تاقىسىز ئات».

«ئۇلۇق — ئاتنىڭ ئۇچىسى». «ئۇلۇق ياغىرى ئوغۇلغا قالىر — ئۇلۇق يېغىرى ئوغۇلغا قالۇر، چۈنكى ئۇكە ۋە سىڭىرلار شۇ يەرگە

جايلاشقانلىقتىن، ئۇ يەردىكى يېغىر ئوتقاي ساقايمايدۇ».

ئۇيغۇر تىلىدا ئاتلارنىڭ مىجەز — خۇلقىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرمۇ تولا. مەسىلەن:

شاش، قىيىق، نايناق، چاپچىغاق، سۆدرىكەك، ئاغزى قاتتىق، ئاغزى يۇمشاق (بوش)، قاترىغاق، لاشا، قاشاڭ، گاهال، داپ تالما، ھۈرككەك، تۈمچەك، ئىڭىشەڭگۈ، لاگقا، ساگقىغاق، يۈرەكسىز، قۇلاگسا ۋە باشقىلار.

قەدىمكى پالنامە ۋە چاغلارنىڭ خاسىيىتى توغرىسىدىكى رىسالىدە، ئاي قايسى بۇرجدا بولسا، ئات سېتىۋېلىش ۋە ئاختا قىلىش «سەئد» (ياخشى) ياكى «مىيانە» (ئوتتۇرىچە) بولىدىغانلىقى سۆزلەنگەن. مەسىلەن، ئاي سەۋر، جەۋزا، ئەسەد، سۇنبۇلە بۇرجلىرىدا بولغاندا، ئات ئالماق ۋە ئات ئاختا قىلماق سەئد؛ سەرەتان بۇرجىدا بولغاندا، ئات ئاختا قىلماق سەئد، لېكىن ئات ئالماق مىيانە؛ مىزان، ئەقرەب بۇرجلىرىدا بولغاندا ئات ئالماق مىيانە؛ قەۋس، جەدى، دەلۋە بۇرجلىرىدا بولغاندا ئات ئاختا قىلماق سەئد؛ لېكىن دەلۋە بۇرجلىرىدا بولغاندا ئات ئالماق مىيانە.

## ئاتنىڭ ئېگەر — جابدۇقلىرىغا دائىر ئىسىملار

جېلكى — جېلە، خانا، چىلبۇر — چۇلۋۇر، نۇختا — يۇلار (جۇلار)، تىزگىن، يوگەن، جىلاۋ، قامچا، ئېگەر، توقۇم، يالىغ — ئېگەر قاشلىرى، چارلىغ، ئۇلارچاق، غانجۇغا، قۇشقۇن، قانتار، تۆپەك، توقا، بۆلدۈرگى، چوپچۇرغا، تەرلىك، قۇر، تۆشلۈك — تۆشباغ، دەپسەنگى، تېپىنكۈ، قىسماق.

«تېپىنكۈ — ئات ئېگىرىنىڭ ئىككى ياندىن ئۈزەڭگىگىچە چۈشىدىغان قېيىش قىسمى». (ئەلىشىر نەۋائىي)

«قىسماق — ئۈزەڭگە» باغ — ئۈزەڭگىنىڭ ئىككى يېنىدىكى قېيىش، ئۈزەڭگە مۇشۇ قېيىشلارنىڭ ئارىلىقىدا تۇرىدۇ». (مەھمۇت كاشغەرى)

جىلاۋ — يىلاۋ:

قولۇمدا بەندى جۇنۇن تاسماسى، نەفكىر ئەتكەي
پەرىۋەشىكى مىنسىپ دېۋ، قولىغا ئالسا جىلاۋ...
ساقالى شەيخى رىيايىغا گەرچە كەلدى ھەرام،
ۋەلي كۆلەرگە ئېشەك بويىنىغا كېرەك غۇجغاۋ.
(نەۋائىي «بەدايىئۇل ۋەسئەت»)

[غۇجغاۋ ـــ ئېشەك بويىنىغا مونچاق ئاسماق]

«يەلۇ ـــ يەلى. قۇلۇنلارنى باغلايدىغان ئارغامچا. يايلاقتا بىيە سېغىلىدىغان چاغدا، قۇلۇنلار ئاشۇنداق ئارغامچىدا باغلاپ قويۇلىدۇ. بىيىلەر سېغىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ چۆرىسىدە ئايلىنىپ يۈرىدۇ». «تۈركىي تىللار دىۋانى»

«بۇنداق ـــ ئات تېزىكى، بۇ سۆز پەقەت ئات تېزىكىگىلا ئىشلىتىلىدۇ».

«سىڭارسۇق ـــ ئىككى كىشى ئاتقا مىنگەشكەندە، مىنگەشكۈچىنىڭ ئولتۇرغان يېرى».

«يايغۇق ـــ بايتال ئەمچەكلىرىنىڭ ئۆرپى. بەزىلەر بۇنى يازغۇق دەيدۇ. قېپچاقچە».

«چىلداي ـــ ئاتنىڭ كۆكرىكىدە پەيدا بولىدىغان بىرخىل يارا». («دىۋان» Ⅲ جىلد، 330)

«چىلەر ـــ چىلە. ئات ئېغىلىدىكى ھۆل تېزەكلەر.» ( Ⅲ . 320)

«قۇۋا ـــ تۈرك يوگەنلىرىدىكى ئاتنىڭ تۇمشۇقىغا تېگىپ تۇرىدىغان قېيىش». («دىۋان» Ⅲ جىلد، 326)

«كۆۋۈچ يوگەن ـــ كۆۋۈچ ـــ كىچىك يوگەن». (دىۋان Ⅲ جىلد 224)

«كۆك ـــ ئېگەرنىڭ كۆكى. ماقالدا مۇنداق كەلگەن: ئەر سۆزى بىر، ئەدەر (ئېگەر) كۆكى ئۈچ ـــ ئەرنىڭ سۆزى بىر، ئېگەرنىڭ كۆكى ئۈچ... ئېگەرنىڭ كۆكى ئۈچ بولىدۇ؛ تۆشۈك كۆپىيىپ كەتسە، ئېگەرنىڭ قېشى سۇنۇپ كېتىدۇ؛ ئۈچتىن كەم بولسا، ئىككىسى

كىشىنى كۆتۈرەلمەيدۇ.» («دىۋان» I جىلد، 413)

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە نەۋائىي ئەسەرلىرىدە، ئات ۋە ئۇنىڭغا دائىر يەنە مۇنداق سۆزلەر بار:

«ئات مۆگدى ــــ ئات مۆگكىدى.» («دىۋان» III جىلد، 534)

«تۇلۇك ــــ تۆگكە، هالقا. يۈگەندە بولىدىغان بىر هالقا. ئۇ ئات قۇلىقىنىڭ ئاستىدا بولىدۇ. ئاتنىڭ بېشى ۋە پېشانىسىدىن ئۆتكەن قېيىشلار شۇنىڭغا تۇتاشتۇرۇلىدۇ. بۇنى يۈگۈن تۇلۇگى ــــ يۈگەن تۆگگىسى دەيدۇ.» («دىۋان» III جىلد، 506)

«ئۆزلۈك ــــ خۇسۇسىي، ئۆزىگە خاس ئات». («دىۋان» III جىلد، 595)

«چىلداي ــــ ئاتنىڭ كۆكرىكىدە پەيدا بولىدىغان بىر خىل يارا، داغلاپ ساقايتىلىدۇ». («دىۋان» III جىلد، 330)

«داغ ــــ داغ، ئات ۋە باشقا ماللارغا بېسىلىدىغان تامغا، پارسلار بۇ سۆزنى تۈركلەردىن ئالغان. بۇنى پارسچە دېيىشكە بولمايدۇ. ئۇلاردا تۈركلەرنىڭكىدەك چارۋا بولمىغاچقا، بۇنداق سۆزلەر نەدە بولسۇن. مەن بۇنى مۇسۇلمانلار چېگرىلىرىدىمۇ ئاڭلىمىدىم». («دىۋان» III جىلد، 209)

«سىل ئات ــــ زىل ئات، سۇلەي ئات». («دىۋان» III جىلد، 184)

«قۇرى - قۇرى ــــ تايچاق ئانىسىدىن كېيىن قالغاندا، چاقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆز». («دىۋان» III جىلد، 308)

«يىگ ــــ ئېغىز دۇرۇق، يۈگۈن يىگى ــــ يۈگەن ئېغىز دۇرۇقى. («دىۋان» III جىلد، 196)

**ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىدە:**

«ئەبرەش ــــ قىزىل ئالا ياكى قارا ئالاتۇس، شۇ تۈستىكى ئات. كۆك ئەبرەش ــــ يۈگى كۆك هال ئات».

شەهسۇۋارىم چۇ قىلۇر جىلۋە مىنىپ كۆك ئەبرەش
(«نەۋادىرۇش شەباب»)

ئەدھەم ـــ قارا تورۇغ ئات.
جەنبەت ـــ پادىشاھلار بىرەر يەرگە ئاتلانغاندا، ئېھتىيات ئۈچۈن بىللە ئېلىپ يۈرىدىغان ئات.
جۇل ـــ ئات يوپۇقى؛ تېرە.
رەخش ـــ يۈگۈرۈك ئات، ئالچىپار ـ چىرايلىق ئات.

«تۈشتى راكىب، باردى رەخشى تېز تەك،
ئۆزنى يەتكۈردى بۇ ھالەتدە مەلەك».
(«لىسانۇت تەير»)

كېچىم / كېچىم ـــ ئۇرۇش ۋاقتىدا ئاتقا كىيدۈرۈلىدىغان ئوق ئۆتمەس مەخسۇس يوپۇق.

كۆكبوز ـــ بوز كۆك ئات.
كۆك جەفاسىدىن بولۇر خابگاھىڭ تۇپراق،
بولسا ئاستىڭدا سىپېھر ئەشھەبى ياڭلىغ كۆكبوز.
(«نەۋادىرۇش شەباب»)

يام ئاتلارى ـــ بىر بېكەتتىن مىنىپ كېلىپ، يامخانىدا قالدۇرۇلىدىغان ۋە يەڭگۈشلەپ ئىككىنچى بېكەتكە مىنىپ كېتىدىغان ئاتلار.
يانچاق ـــ بېزەكلىك ئات يوپۇقىنىڭ ئىككى يېنى، يوپۇقنىڭ ئېتىكى.
ياۋۇرقان ـــ ئات يوپۇقى.

# ئۇيغۇرلاردا قۇتلۇق قۇش

قەدىمكى ــ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن باشلاپ، ھەر قوۋمنىڭ ئەتىۋار-لايدىغان تۇرلۇك جانىۋارلىرى بار ئىدى. بەزى قوۋملەر قۇشلارنى ئۆزلىرى-گە «ئونغۇن» (ئاغۇن) قىلاتتى. مۇنداق قۇشلار ئۇ قوۋملەرنىڭ «ئونـ-غۇن»لىرىنىڭ تىمسالى ئىدى. ئونغۇن ياكى ئاغۇن بىر خىل ئىلاھىي كۈچ ــ قۇدرەتكە ۋەكىللىك قىلاتتى. مەسىلەن، تۈركىي خەلقلەرگە ئورتاق بولغان قەدىمكى قەھرىمان بوۋىمىز ئوغۇزخاننىڭ ئالتە ئوغلىنىڭ بويلىرىغا بىردىن قۇش ئاغۇن ئىدى: كۈن خان بويىنىڭ لاچىن، ئاي خان بويىنىڭ بۈركۈت، يۇلتۇزخان بويىنىڭ شۇڭقار، كۆك خان بويىنىڭ تۇرۇمتاي (توشقان ئالغۇچ)، دىڭىزخان بويىنىڭ قارچىغا (چاقىر)، تاغ خان بويىنىڭ تۈيغۇن ئىدى. مەيلى قايسىلا بويغا ئاغۇن ھېسابلانغان قۇش بولسۇن، ئۇنى قانداش ــ تەگداش، ھەتتا قوشنا بويلارمۇ ئۇلۇغلايتتى. قۇش تۇتۇشقا توغرا كەلسە، بىر ــ بىرىگە خاس قۇشلارنى ھەرگىز ئوقياغا تۇتمايتتى.

ئۇيغۇرلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدىكى مەنقىبەتلەر (خاسىيەتـ-لىك مەنبەلەر)دە مەلۇم قۇشلارغا باغلىنىدىغان رىۋايەتلەرمۇ بار. «خەنناـ-مە» دە شىمالدىكى ۋە غەربىي شىمالدىكى قوۋملەر توغرىسىدا قەيت قىلىنىشىدا، تەلپەكلىرىگە شۇڭقار ــ لاچىننىڭ پەرلىرىنى قادىۋالىدىغان، ناھايىتى چەۋەنداز ــ جەڭگىۋار قوۋمنى بايان قىلغان. بۇ ئىسكەندەرگە قارشى چىققان قوۋملەردىن تەلپەكلىرىگە لاچىن پەرىنى تاقىۋالغان ئۇيغۇر-لارنىڭ قەيسەرلىكىنى تەرىپلىگەن رىۋايەت «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا كەلتۈرۈلگەن رىۋايەتكە ئوخشايدۇ.

بۇ رىۋايەتنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلۇقىنى VIII ئەسىردىكى تارىخىي

مەلۇمات بىلەن دەلىللەشكە بولىدۇ. كۆل بويلا بىلگە قاغان سىلىنگا ـ ئورقۇن بويىنى ئوردۇبالىق (پايتەخت) قىلغان «ئۇيغۇر قاغانلىقى» نى قۇرۇپ، ئۇچىنچى ئەۋلاد قاغان ــــ ئالىپ قۇتلۇغ بىلگە، يەنە بىر مەلۇماتتا ئاي تەڭرىدە ئەل تۇتمىش كۆلۈگ بىلگە قاغان تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچى ئەۋەتىپ، «ئۇيغۇر» نىڭ خەنزۇچە ترانسكرىپسىيىسىدىكى خەتلەرنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلغان. «سەلتەنەت تەدبىرلىرىدىن ئۆرنەكلەر» نىڭ 233 ـ جىلد «غەيرىيلىكنى سىناش» تا يېزىلغان مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا: تاڭ سۇلالىسىدىن دېزۇڭ خان ـ لى كونىڭ جېنيۈەن زامانى 5 ـ يىلى (مىلادىيە 789 ـ يىلى) 7 ـ ئايدا (ئۇيغۇر قاغانىغا ياتلىق قىلىنغان)، تاڭ خانىدانىنىڭ خان قىزى ئوردابالىق (قاغان بارگاھى)غا كەلگەن. ئۇيغۇر قاغانى ئەلچى قىلىپ لى يىجىننى ئەۋەتىپ، ئۇيغۇر دېگەن نامنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىدىكى 纥 (خې) خېتىنى 鹘 (خۇ)غا ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلغان. بۇ مەلۇمات «يې بېگىنىڭ ئائىلە تەزكىرىسى» لى فەنىنىڭ «شىمالىي دالىدىكى پادىشاھلار ھەققىدە» دېگەن ئەسىرى ۋە «يېڭى تاڭنامە» دىكى «ئۇيغۇر تەزكىرىسى» دە يېزىلغان مەلۇماتلار بىلەن ئوخشاش.

鹘 (خۇ hu)— بىر قۇشنىڭ نامى. «ئوكيانۇس» («سىخەي») دە بۇ قۇشنى مۇنداق ئىزاھلىغان: «قۇشلار سىنىپى، شۇڭقار بۆلۈمى. شۇڭقارلار تەۋەسىگە كىرىدىغان جانىۋارلارنىڭ كونىچە نامى. مەسىلەن، «يۇسۇن» ( 游隼 — پەرۋازچى شۇڭقار) نىڭ چوڭى — 鹘(hu) دېيىلىدۇ... «يوسۇن» نىڭ ئىلمىي نامى — Falco peregrinus leucogenys سۇنقارلار تۈرىدىكى چوڭراق بىر خىلى. ئەركىكىنىڭ تەن ئۇزۇنلۇقى ــــ بويى تەخمىنەن 40 س م؛ بېشى ۋە بويىنىنىڭ يانلىرىدىكى پەرلىرى كۆكۈمتۇل قارا بولۇپ، ئارىسىدا قارا چېكىتلىرى بار. دۈمبىسىنىڭ قالغان قىسمى ئاساسەن كۆكۈچ كۈل رەڭ؛ باغرى ۋە قورساق قىسمى ئاق بولۇپ، غىچىم ـ قارا چېكىتلىرى بار. ناھايىتى يىرتقۇچ كېلىدۇ، بەك تېز ئۇچىدۇ. ياۋا ئۆردەك ۋە شۇنىڭدەك چوڭ قۇشلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. شۇڭا شىمالدا «ئۆردەك يولۋىسى» دەيدۇ».

«شۇڭقۇر ــــ شۇڭقار. يىرتقۇچ قۇشلاردىن بىرىنىڭ نامى. ئۇ

توغرىل (توغرۇل) قۇشىدىن كىچىك بولىدۇ». («دىۋان» III جىلد، 520)

«توغرىل — توغرۇل. بۇ بىر خىل يىرتقۇچ قۇش بولۇپ، مىڭ ئۆردەكنى ئۆلتۈرۈپ، بىرنىلا يەيدۇ. بۇ سۆز ئەركىشىنىڭ ئىسمى بولۇپمۇ كېلىدۇ». («دىۋان» I جىلد، 629)

دېمەك، خەنزۇچە مەلۇماتتىكى «خۇ» (鹘) «توغرۇل» غا توغرا كېلىدۇ. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى ئىنتايىن تېز ئۇچىدىغان، قەيسەر قۇش — توغرۇلغا ئوخشاش سۈپەتلىگەنلىكى ئۈچۈن خەنزۇچە مەنبەلەردە «ئۇيغۇر» نى ترانسكرىپسىيە قىلغاندا مەنىسى بىلەن ئوقۇلۇشى ماس كېلىدىغان «خۇ» (توغرۇل) نى يېزىشنى تەكىتلىگەن. بۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇيغۇرلار-نىڭ قۇتلۇق ھېسابلاپ ئەتىۋارلايدىغان قۇشى — توغرۇل بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى قوۋملەردىن شەرقىي غۇز (دۇڭخۇ) دىن مانجۇلار سۇنغارنى ئەتىۋارلايدۇ، شۇڭا ئۆز يۇرتىدا ئاقىدىغان دەريالاردىن بىرىگە سۇنقار غول (سۇڭخۇاجياڭ) دەپ نام بەرگەن. ئۆزبېكلەر تورۇلغا قۇشنى ئەتىۋارلايدۇ. ئىران تىللىرىدا سۆزلىشىدىغان پارسلار لاچىننى، جۇملىدىن تاجىكلار تۇيغۇن (قارچىغىنىڭ ئېقى)نى ئەتىۋارلايدۇ.

# ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە ياشلار

ئەدەپ بىلەن ئەخلاق مەنىداش ۋە قولداش سۆزلەردۇر. ئەدەپنى بىلگەن ئەخلاقلىق بولىدۇ، گۈزەل ئەخلاق ئىگىسى ئەدەپلىك بولىدۇ. ئادەتتە، كىشىلەر ئەدەپنى بىلمەيدىغان ئەخلاقسىزلارنى «ئادەم قېلىپىدىن چىققان» دەپ ئەيىبلەيدۇ. ئىنسان تىل ـ تەپەككۇر ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاق بىلەن ھايۋاندىن پەرقلىنىدۇ. ئەدەپ ـ ئەخلاقمۇ قانۇنغا ئوخشاشلا جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى. شۇنداقلا، ئەخلاق ـــ ئادەمنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى گۈزەللىكىنىڭ سىمۋولى. بىر مىللەتنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا پەيدا بولغان ئەدەپ ـ ئەخلاقى شۇ مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىر ئىپادىسى. مىللىي ئەدەپ ـ ئەخلاقنى ئۇنتۇغان ئادەم ئۆزىنى ۋە ئاخىر مىللىتىنى ئۇنتۇيدۇ. ئۆزىنى ئۇنتۇغان ئادەم تارىخنى ۋە ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇغان بولىدۇ. تارىخ ئۇنتۇلىدىكەن، ئۇ تارىخ ئۆزگىنىڭ ئىلكىگە چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇنداقتا، سىزنىڭ تارىخىڭىز ئۆزگىنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە خاتىرىلىنىدۇ ۋە خاھىشى بويىچە داۋام قىلىدۇ.

ئۆتكەن دانالار، ئەدىبلەر ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن ھاياتىي تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەپ، ئەدەپ ـ ئەخلاق توغرىسىدا نۇرغۇن رىسالىلەرنى يازغان. جۈملىدىن، ھەزرىتى ئەلىشىر نەۋائىي «مەھـ- بۇبۇل ـ قۇلۇب» («كۆڭۈلنىڭ سۆيگۈنى») دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق تەلىم بەرگەن:

«ئەدەپ ۋە تەۋازۇ دوستلۇق كۆزگۈسىگە جىلا بېرۇر، ئىككى جانىب- دىن يارۇغلۇق يەتكۈرۈر. تەۋازۇ ۋە ئەدەپ ئەھلىغە تەزىمۇ ھۆرمەت يېتەر. ئول دانەنى ئەككەن جەۋاھىر ـــ بۇ مەھسۇلنى جەمئ ئېتەر؛ كىچىكلەر مېھرىن ئۇلۇغلار كۆڭلىگە سالۇر ۋە ئول مۇھەببەت كۆڭۈلدە مۇئەببەد

قالۇر». نەۋائىينىڭ تەبىرىچە، ئەدەپ ــ ئەخلاق كىشىلەرنى بىر ــ بىرىگە مېھرىبان ۋە دوست ــ ياران قىلىدۇ. ئەدەپ ــ ئەخلاق ئۇرۇقىنى چاچقان كىشى ناھايىتى قىممەتلىك ھوسۇل يىغىدۇ. ئەدەپلىك ــ ئەخلاقلىق ئادەم ھەرقانداق كىشىگە يېقىملىق كۆرۈنىدۇ ــ دە، ئىززەت ــ ھۆرمەتكە ئىگە بولىدۇ. دېمەك، ئەدەپ ــ ئەخلاق ــــ ئادەمىيلىكنىڭ ئاساسى.

ئەدەپ ــ ئەخلاقمۇ كىشىلىك جەمئىيىتىدە شەكىللەنگەن يېزىقسىز قانۇن. جەمئىيەتتە ئادەملەر رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىككى خىل قانۇن بولىدۇ. بىرى، دۆلەت قانۇنى، يەنە بىرى، قەلب قانۇنى. دۆلەت قانۇنىغا ئاڭلىق رىئايە قىلالايدىغان ئادەم، ئالدى بىلەن، قەلب قانۇنىنىڭ چەك ــ چېگرىسىدا (ئىلكىدە) بولمىقى لازىم. چۈنكى دۆلەت ياكى جەمئىيەتنىڭ قانۇنى كىشىلەرنىڭ زاھىرىي (ئاشكارا) ھەرىكەتلىرىنىلا چەكلىيەلەيدۇ. شۇڭا بۇ ــــ شەكلەن ئامىل. ئەمما قەلب قانۇنى بولسا كىشىنىڭ پۈتۈن روھىي دۇنياسىنى چەكلەيدۇ، شۇڭا بۇ ــــ ئىچكى ئامىل. بۇ ئامىل سىياسىي ــ نەزەرىيىدە «ئىدىيە» (مەپكۇرە) دەپ ئاتىلىدۇ. قەلب قانۇنىنىڭ چەك ــ چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكەن ئادەم دۆلەت ــ جەمئىيەتنىڭ قانۇنىغا جەزمەن خىلاپلىق قىلىدۇ. كىشىلەر قىسمەن ماددىي مەنپەئەتنى ۋە قىسقىغىنە ھۇزۇرنى كۆزلەپ، پاسسىپ ــ بىدئەت خىياللارغا بېرىلىپ، ناشايان ئىشلارنى قىلىدۇ ــ دە، ئادەمىيلىك ھالىتىدىن چىقىپ، ئەخلاقسىزلىق ھالىتىگە چۈشۈپ قالىدۇ. ئاخىر دۆلەت ــ جەمئىيەت قانۇنىغا زىت ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ. بۇ دۆلەت قانۇنىدا جىنايەت ھېسابلىنىدۇ؛ قەلب قانۇنىدا ئادەمىيلىككە خىيانەت ھېسابلىنىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، قەلب قانۇنىنىڭ چەك ــ چېگرىسىدىن چىققان ئادەم، تەبئىيكى، ئارسىزلىق، بۇزۇقچىلىق، مەككارلىق، ئالدامچىلىق، جاھىللىق، ھەسەتخور ــ لۇق، ئاچ كۆزلۈك، قانخورلۇق، قاتىللىق، ئوغرىلىق، مۇناپىقلىق، مەنمەنـ ــ چىلىك، شەھۋەتپەرەسلىك دېگەندەك يامان ــ ئوسال خۇلقلارنى قىلىدۇ. دېمەك، كىشىنىڭ ھەرىكىتى تۈز ــ دۇرۇس بولۇش ئۈچۈن، كۆڭلى تۈز ــ دۇرۇس بولۇشى شەرت. قاچانكى، كىشىنىڭ دىلى ئەگرى بولىدىكەن، ھەرىكىتىمۇ ئەگرى بولىدۇ، يەنى يولدىن چىقىدۇ. بۇ يەردىكى «يول»

قانۇن، ئەدەب ـ ئەخلاق دېگەنلىكتۇر. كىشىلەر «يولدىن چىقمايمەن، خاندىن قورقمايمەن» دېگەن ماقالنى كۆپ ئىشلىتىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، قەلب قانۇنىنىڭ چەكلىمىسىدىن چەتلىگەن ئادەم قانۇننىڭ، ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە ئەدەپ ـ ئەخلاق توختالغۇسىز تەنەززۇلغا يۈزلىنىدۇ ـ دە، جەمئىيەت، ئائىلە ۋە ئۆز (شەخس)، مىللەت ھالاكەت خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ. شۇڭا، يامانلىق ـ رەزىللىك پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى، ئۇنى كىشىلەرنىڭ قەلبى (ئىدىيىسى)دىلا يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش زۆرۈر. بۇنىڭدىن قارىغاندا، قەلب قانۇنى دۆلەت قانۇنىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

كىشىدە قەلب قانۇنى ئاۋۋال ئائىلىدە يىلتىزلىنىدۇ، جەمئىيەتتە بىخ-لىنىدۇ. مۇبادا، ئائىلىۋى مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي شارائىت ئۆزئارا ماسلىشىپ بەرسە، قەلب قانۇنى راۋۇرۇس كۆكلەيدۇ. دېمەك، ئائىلە تەربىيىسى قەلب قانۇنىنىڭ تۇغۇلۇشىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، ئىجتىمائىي تەسىر ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئائىلە ۋە جەمئىيەت تەربىيىسى ئەدەپلىك ـ ئەخلاق-لىق بولۇشنىڭ تۈپرىقىدۇر. چىن پەرزەنتلىك تۇيغۇسى بولغان بىرەر كىم نورمال ـ شەخسىي ھەددى ـ ھەرىكىتىدە ھەرقاچان ئائىلىنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئائىلىگە تايىنىدۇ. ئائىلە قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلىدۇ. ھەرقانداق مۇناسىۋەت قانداشلىق مۇناسىۋىتىدەك مۇستەھكەم ـ تەبىئىي بولالمايدۇ. ئائىلە مۇستەھكەم ۋە تەبىئىي يوسۇندا بىرلەشكەن ئاساسقا ئىگە بولسا، ئۇ روناق تاپىدۇ.

لېكىن ئائىلىۋى مۇناسىۋەت ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ـ مەدەنىي شارائىتى-گىمۇ باغلىق بولىدۇ. بولۇپمۇ يېزا شارائىتىدا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىكى تەڭپۇڭسىزلىق تۈپەيلىدىن، بىرمۇنچە ئائىلىلەر تەك ـ قىسلىقتا ياشاۋاتقان-لىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىلىرىمۇ سانائەتلىك شەھەر ئاھالىسىنىڭكىدىن خېلىلا تۆۋەن. ھەرھالدا، يېزا ئائىلىلىرىگە يەنىلا قەدىم-دىن ئۇدۇم بولۇپ كەلگەن ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆز تەسىر كۈچىنى كۆرسىتىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، يېزا بالىلىرى ـ ياشلىرى شەھەر

بالىلىرى ـ ياشلىرىغا قارىغاندا، تارتىنچاقراق، ھېيىققاقراق، تېگىرقىغاقراق بولىدۇ. بۇ ـــ ئائىلىۋى ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ ۋە يېزا توپ ـ كۆجۈمىنىڭ سىجىللىقىدىن بولغان.

ھازىر بۇ سىجىللىق بارا ـ بارا يېغىش ـ بېغىشىدىن ئۈزۈلۈشكە يۈزلەنمەكتە. يېزىلاردىكى فېئوداللىق ـ ناتۇرال ۋە كۇستار (قول بىلەن ئىشلەيدىغان) ئىگىلىك ئۇسۇلىغا كۈندىن ـ كۈنگە تەرەققىي قىلىۋاتقان زامانىۋى كارگەرلىك، بازار رىقابەت ئىگىلىكى قاتتىق تەسىر كۆرسەتمەكتە. شەھەرلىشىشنىڭ تەسىر دائىرىسى كېڭەيمەكتە. كىشىلەرنىڭ بولۇپمۇ ياشلارنىڭ شەھەرلەر (كىچىك شەھەردىكىلەر چوڭ شەھەرلەر)گە، تىرىكچىلىك تۇپەيلىدىن يىراقلارغا يۈزلىنىش خاھىشى كۈچەيمەكتە. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، كىشىلەردە، بولۇپمۇ ياشلاردا ئائىلىدىن تاشقىرى ئىقتىسادىي مۇستەقىللىق ھالىتى شەكىللەنمەكتە. ئائىلىدىن تاشقىرىقى ئىقتىسادىي نەپ ۋە مەدەنىي قىزىقتۇرۇشمۇ كۈچەيمەكتە. بۇ ھالدا، ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشى كىشىلەرنىڭ پۈت ـ قوللىرىنى چىرمىۋالىدىغان تۈشەككە ئايلانماقتا. شۇڭا، ئائىلىنىڭ ئەنئەنىۋى ـ ئىجتىمائىي فۇنكسىيىسىمۇ ئۆزگەرمەكتە. ياشلارغا، بولۇپمۇ ئۆسمۈرلەرگە مەكتەپ ۋە دوست ـ يارەنلەر چەمبىرىكىدىن بولىدىغان تەسىر ئاتا ـ ئانا ۋە ئائىلە چەمبىرىكىنىڭ تەسىرىدىن زورايماقتا.

ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى تەكشىسىزلىك شەھەرلەر بىلەن شەھەرلەر، شەھەرلەر بىلەن يېزىلار ئارىسىدىكى پەرقلەرنى كۆپەيتمەكتە. بولۇپمۇ بىزدە يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتى سانائەت جەمئىيىتىگە ئۆزگىرەلمىگەن شارائىتتا، يېزا ئاھالىسىنىڭ جامائەت (توپ ـ كۆجۈم) مەنپەئەتى كارگەرلىك ئاساسى ئورنىغا ئۆتىۋاتقان شەھەرلەردىكىدەك ئىمتىيازغا ئىگە بولۇش دەرىجىسىدىن خېلىلا يىراق. يەنە بىر تەرەپتىن، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە بازار ئىگىلىكىگە يۈزلىنىش جەريانىدا، كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشىغا يېڭى ئامىللار كىرىشكە باشلىدى. لېكىن كۆپ جەھەتتىن يەنىلا ئاسىياچە قىممەت قارىشى تۈپتىن ئۆزگىرەلمىدى. ئاسىياچە قىممەت قارىشىنىڭ

سياسىيلىقى مەنئۆىلىكىدىن كۆپرەك. خەلقئارا ۋە ئىچكى ھادىسىلەر ئاسىـ ياچە قىممەت قارىشىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇپ، رايونلار ئارا تەرەققىيات قەدەملىرىنى تەكشۈكىلاشتۇرۇش ئېھتىياجى تۇغۇلدى. لېكىن شىنجاڭ جەمئىيىتىدە مۇنداق تەكشۈكىلاشتۇرۇش ئېھتىياجى سىياسىي مۇـ قىملىقىقا بويسۇنۇپ، تەرەققىيات قەدەملىرى تەكشى بولالمىغانىنىڭ ئۈستىگە، ئاستا بولدى. بۇ ھالەت تەبىئىي يوسۇندا كىشىلەرنىڭ ئاڭ ـ پىكرىگە تەسىر قىلدى. مەنئۆىيەت مۇرەككەپلەشتى. مۇنداق شارائىتتا، يېڭىدىن يېتىلىۋاتقان ئەۋلاد ئۆزلىرىنىڭ توغرا كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسىنى ۋە نورمال ئىدىيىۋى ئاساسىنى يارىتالمىدى. تىرىكچىلىك ۋە پۇل تېپىش ئۈچۈن بىر قىسىم كىشىلەر ھەر خىل كويىغا كىردى. بەزى كىشىلەر ھوشيارلىقى ۋە ئەپچىللىكىنى ئىشقا سېلىپ، پۇل ـ ماللىق بولدى. ئالدىن تەرەققىي تاپقان رايونلاردا، دۇنياۋى ۋە مەملىكەت بويىچە ئۈچۈر تورى ۋاستىسى بىلەن ئۇچراشقان ۋە بۇ جەھەتتىن ئانچە ـ مۇنچە ساۋاتلىق بولغان كىشىلەر تېز بېيىدى. بۇنىڭ داۋامىدا، كىرىم ـ تاپاۋەت تەقسىماتىـ ـدىكى ھاڭ چوڭقۇرلىشىپ، ئىككى قۇتۇپقا ئايرىلىش جەريانى تېزلەشتى.

بۇ ئەھۋاللار كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا قاتتىق تەسىر كۆرسىتىـ ـتىپ، بەزى كىشىلەر پۇل تېپىش ئۈچۈن ئويلىغان ۋاستىلىرىدىن ئەپچىل پايدىلىنىش يولىغا كىردى؛ بەزى كىشىلەر ھەتتا ئىقبال، ئائىلە ۋە «يۈز» (ئار ـ نومۇس) دېگەندەك ئەنئەنىۋى ئېبرەتنامىلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويدى. بەزى كىشىلەر «تەقدىر شۇنداق ئىكەن» دەپ، ئۈمىدسىزلىك كۆلچىكىگە غەرق بولۇپ، چۈشكۈنلەشتى ياكى ئەدەپ ـ ئەخلاقنى قايرىپ قويۇپ، ناشايان ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندى. خىزمەتچىلەر تەبىقىسىدىن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھەددى ـ ھەرىكەت ۋە خۇي ـ پەيلىنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق، مۇنداقلار ئۈچ تائىپىگە بۆلۈنگەنلىكى مەلۇم: بىر تائىپىسى، خەلق تەرىپىدىن بېرىلگەن مەنسەپنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، يەپ ـ ئىچىش ۋە راھەت ـ پاراغەتتە ياشاشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالغانلار؛ ئىككىنـ ـچى بىر تائىپىسى، بىلىم ـ ئىقتىدارى تۆۋەن بولغىنى ئۈچۈن، يۇقىرىغا

يامشىپ چىقىشتا خۇشامەتنى ۋە ھەسەتخورلۇقنى كەسىپ قىلىۋالغانلار؛ ئۈچىنچى بىر تائىپىسى، «ئۆزۈڭنى بىل ئۆزگىنى قوي»، «ئۆزۈم ئارامىمدا كۈن كۆرسەم بولدى»؛ «پەرۋايىم پەلەك» دەيدىغان بىپەرۋالار. بۇ ئۈچ خىل تائىپىگە كىرىدىغان كىشىلەر ئالدى بىلەن ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالغانلاردۇر.

ھەرقانداق شەخس ئائىلىنىڭ، جەمئىيەتنىڭ، شۇنداقلا بىر مىللەتنىڭ ئەزاسى. ئۆزىنى ئۇنتۇغان ئادەم ئائىلىنى، جەمئىيەتنى، مىللەتنى ئۇنتۇيدۇ. ئەگەر جەمئىيەت ۋە مىللەت ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇسا، بۇ ئالىيجانابلىق بولىدۇ. ئاڭ ـ پىكىر، ھېس ـ تۇيغۇ، روھ ـ پسىخولوگىيە، ئادەت، ياشاش تەدبىرلىرى، بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى تىل، ئەدەپ ـ ئەخلاق، مەدەنىيەت جەھەتلىرىدىن بىر مىللەتكە تەئەللۇق بولغان شەخس، مۇبادا ئۆزلۈكىنى ئۇنتۇيدىكەن، ئۇ ئاخىرقى ھېسابتا ھەممىدىن مەھرۇم بولىدۇ. خۇددى بوران ـ چاپقۇندا پىلدىرلاپ يۇرگەن بىر تال پەرگە ئوخشاپ قېلىپ، بىر ئوڭغا ـ بىر سولغا ۋە بىر يۇقىرىغا ـ بىر تۆۋەنگە لەيلەپ يۈرۈپ، ئاخىر پاتقاققا چۈشۈپ تۇگىشىدۇ. دېمەك، ئۆزلۈكىنى ئۇنتۇغان ئادەم ئۆزگىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تاپالمايدۇ ـ دە، ھەقىقىي ـ ئىنسانىي ياشاشتىن مەھرۇم بولىدۇ.

ئۆزىنى ئۇنتۇماسلىقنىڭ مۇھىم چارىلىرى بىلىم ـ ھۈنەرلىك بولۇش ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقنى بىلىشتىن ئىبارەت. بۇ ماقالىمىزدە، ئەدەپ ـ ئەخلاق توغرىسىدا توختىلىمىز.

بىز تەكىتلەيدىغان ئەدەپ ـ ئەخلاق كەڭ مەنىدىكى ئەدەپ ـ ئەخلاقتۇر. راستچىللىق، ۋىجدانلىق، ھىممەتلىك، مەدەنىيلىك، ئىجتىھاتلىق، دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق ـــ ئەدەپ ـ ئەخلاقنىڭ ماھىيەتلىك ئىپادىلىرىدۇر.

## راستچىللىق

قەلبى پاك ۋە دۇرۇس ئادەم راستچىل بولىدۇ. بەتنىيەت ۋە كۆڭلى ناپاك ئادەم يالغانچى بولىدۇ. ھىيلە ـ مىكىر، ئالدامچىلىق ـ يالغانچىلىق

بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەن ئادەم ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنى ئالدايدۇ. ئەگەر مۇنداق ئادەم ھۆكۈمران بولسا، تېز پۇرسەتتە گۇمران بولىدۇ ۋە خەلقئالەم ئالدىدا لەنەتكەردە بولىدۇ. ھىيلە ـ مىكىر، ئالدامچىلىق ـ يالغانچىلىق پەقەت ۋاقىتلىق ئۈستۈنلۈك ياكى غەلىبە قازىنىشنىڭ يالغۇز ئاياغلىق كۆۋرۈكىدۇر. دەرۋەقە ھىيلە ـ مىكىر، ئالدامچىلىق ھۆكۈم سۈرگەن مۇھىتتا، راستچىل ئادەملەر ۋاقتىنچە زىيان تارتىدۇ، لېكىن ئاقىۋەتتە خەلق ئىچىدە ھىمايىگە ۋە ھۆرمەتكە ئىگە بولىدۇ.

راستچىللىقنىڭ ھەقىقىي ئىپادىسى ئۆز ئەھلىگە ۋە دوست ـ يارەنلىرى ئارىسىدا يالغان سۆزلىمەسلىك. دەرۋەقە، دۈشمەننى نابۇت قىلىش ئۈچۈن، ۋاقىتلىق چارە سۈپىتىدە دۈشمەنگە يالغان ئېيتىش، ئەمەلىيەتتە، ئۆز ئەھلىنى دۈشمەننىڭ قەستىدىن ساقلاپ قېلىش رولىنى ئوينايدۇ. راستچىللىقنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى خىيانەتكار ۋە ۋاپاسىز بولماسلىق: دوستىغا ۋە دوستىنىڭ يارەنلىرى ھەم ئەھلى ئاياللىرىغا خىيانەت كۆزى بىلەن قارىماسلىق؛ قۇربى يەتمەيدىغان ئىشقا ۋەدە قىلماسلىق، ۋەدە قىلىدىكەن ۋەدىگە ۋاپا قىلىش. خىيانەتكار ئادەم ئاخىرقى ھېسابتا، نەپسانىيەتكە بېرىلىپ، ئۆزىگە ياخشىلىق قىلغان دوستىغا ۋە ئۆزىنى باققان خەلقىگە خىيانەت قىلىدۇ. ھەرقانچە يوشۇرۇن بولسىمۇ، ئۇ ئاشكارىلىنىدۇ. خىيانەتكار، ۋاپاسىز ئادەم خەلقئالەم ئالدىدا شەرمەندە ۋە خاكسار بولىدۇ.

قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئەمەلىيەت شۇنى كۆرسەتتىكى، يالغانچىلىقتىن ھەر خىل ئىللەت، پىتنە ـ پاسات تېرىلىدىكەن؛ جۈملىدىن يالغانچىلىق بىلەن خۇشامەتچىلىك بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىدىكەن. خۇشامەتچىلىكنىڭ چوڭ ھۈنىرى ماختاش، تۆگمىنى تۆگە قىلىپ كۆرسىتىش، ھەددىدىن ئارتۇق مۇبالىغە قىلىش؛ مۇنداق ھۈنەرنى ئىشقا سالغۇچى تىل ياغلىمىچىلىق، مۇبالىغىچىلىك قىلىشقا ماھىر كېلىدۇ. بۇرۇنقى چاغدا بىر ئامبال قول ئاستىدىكى بىر ئەمەلدارنىڭ پەرمانبەردارلىقىنى سىنىماقچى بوپتۇ. بىر كۈنى ھېلىقى ئەمەلدار ئەتىگەنلىك سالامغا كىرىپتۇ. ئاپتاپ چاقناپ تۇرغان، ھاۋا ئوچۇق كۈنى ئىكەن. ئامبال ھېلىقى ئەمەلدارغا قاراپ: «بۈگۈن ھاۋا تۇتۇقمۇ؟!» دەپتۇ. ھېلىقى ئەمەلدار: «شۇنـ

ـداق، ئامبال بېگىم، چوقۇم يامغۇر ياغىدۇ» دەپ ئامبالنىڭ سۆزىنى توغرىغا چىقىرىپ يالغان ئېيتىپتۇ. ئامبال بۇ ئادەم مەن نېمە دېسەم، دېگىنىمدىن ئاشۇرۇپ ئورۇنلايدىكەن دەپ، ئۇنىڭ خۇشامەتچىلىكىدىن رازى بوپتۇ. بۇنداق ئادەملەر بۇگۈنكى كۈندىمۇ بار. بۇنداق ئادەملەر ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىمۇ ئالدايدۇ، ئۆزگىنىمۇ ئالدايدۇ. دېمەك، بۇنداق ئادەملەردىن خەلـ قىڭە ھەم مىللەتكە ھېچقانداق ياخشىلىق كەلمەيدۇ.

## ۋىجدانلىق

ئەدەپ ــ ئەخلاق كىشىلەردىن ۋىجدانلىق بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ۋىجدانلىق كىشى راستچىل ــ سەمىمىي بولىدۇ.

«ۋىجدان» نىڭ لۇغەت مەنىسى بىۋاستە ھەققانىيەت تۇيغۇسى دېمەكلىكتۇر. ھەققانىيەت تۇيغۇسى ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ـــ مەنىـ ۋىيىتىدە بولىدۇ. ۋىجداننىڭ تەبىرى شۇكى، ئۆزىنى ۋە ئۆز خەلقىنى، يۇرتىنى ھەم بارلىق نەرسىلەرنى بىۋاستە ھېس ــ تۇيغۇسى بىلەن چۈشىنىدىغان، سۆيىدىغان، قەلبى پاك بولۇشتۇر. مۇنداق خاسىيەت ھەرـ قانداق نەرسىگە تېگىشكۈسىز بىباھا گۆھەردۇر. كىشىدە ۋىجدان بولسا، ئار ــ نومۇس، ئىپپەت بولىدۇ. خەلقىمىز «ۋىجدان ئازابىدىن ئېغىر ئازاب يوق» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى ئىشلىتىدۇ. خەلق ئۈچۈن كۆيۈنىدىغان، يۇرتنى سۆيىدىغان راستچىل ــ سەمىمىي ئادەم جاندىن كەچسە كېچىدۇرـ كى، ۋىجداندىن كەچمەيدۇ.

نەپ تۇپ مەقسەت قىلىنغان ۋە پۇل ــ مال ئادەمىيلىكتىن ئۈستۈن بولغان مۇھىت مەنىۋى جەھەتتىن بۇلغانغان مۇھىتتۇر. مۇنداق مۇھىتقا بېشى بىلەن شۇڭغۇپ كەتكەن نەپسانىيەتچى ئادەمدە ۋىجدان بولمايدۇ. ھازىر تەرەققىي قىلىۋاتقان بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، بەزى كىشىلەر پۇل تېپىش ئۈچۈن رىقابەتلەشسە، بەزىلەر ياشاش ئۈچۈن كۈرەشىدۇ. ياشاش ئىككى خىل بولىدۇ؛ بىرى، ھەقىقىي ــ ئىنسانىي ياشاش، يەنى ئەدەپ ــ ئەخلاق نورمىلىرىغا رىئايە قىلغان ھالدا، ئۆزى بىللە بىلەن ئۆزگىنىمۇ ھالال

نىمەتلەردىن تەڭ بەھرىمەن قىلىپ، ھالال ئەمگىكى بىلەن كۆكۈللۈك ياشاش؛ يەنە بىرى، ناھايىتى ئاز پۇرسەتلىك راھەتنى دەپ، ئار ـ نومۇسنى قايرىپ قويۇپ، «پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا» دەپ ئۆزىنى پۇلغا سېتىپ ياشاش، بۇ ـــ ھايۋانىي ياشاشتۇر. دەرۋەقە، ئۆز غېمىنى يېيىش نورمال ئىشتۇر، جاھاندا ئۆز غېمىنى يېمەيدىغان كىم بار! ئۆزگىگە زىيان سېلىش ھېسابىغا ئۆز غېمىنى يېيىش ئادەمىيلىك مىزانىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۆزگىگە زىيان سېلىش قارا نىيەتنىڭ بىر ئىپادىسى. قارا نىيەت ۋىجدانسىزلىق بىلەن قوشكېزەكتۇر. بىركىم مېھنەت ـ مۇشەققەتكە دۇچار ۋە بۇنىڭدىن ھالى ناچار بولۇپ قالسا، بۇ كۈلپەت ۋىجدانسىز ئادەمگە ھېچقانداق تەسىر قىلمايدۇ. «ئۆزۈم كۈلپەتكە ئۇچرىمىسام بولدى» دەپ، ئۆزىنىڭلا غېمىدە بولىدۇ.

ھازىر بىر قىسىم ياشلار «ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا»، «بەش كۈنلۈك ئالەمدە ئويناۋالغىنىمىز قالىدۇ» دەپ، ئەيش ـ ئىشرەتكە، ھاراق ـ شارابقا، زىناخورلۇققا بېرىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ياشلىقىنى نابۇت قىلماقتا. بۇ ھالەتنى كونكرېت تەھلىل قىلماق لازىم. بىرىنچىدىن، بەزى ياشلار «قاساپ ياغ قايغۇسىدا، ئۆچكە جان قايغۇسىدا» بولۇۋاتقان جاھاندا، ھەرقانداق قىلىپ جان باققان ئەۋزەل دەپ ئەخلاقسىزلىق پاتقىقىغا ئۆزىنى تاشلايدۇ ـ دە، ھەرخىل ناشايان ئىشلارنى قىلىدۇ. بۇنداقلار نېمە ئۈچۈن ئىنسان بولۇپ تۆرەلگەن ۋە نېمە ئۈچۈن ياشاش كېرەك دېگەن تۈپ مەسىلىنى چۈشەنمەيدۇ ياكى چۈشىنىشنى خالىمايدۇ. بۇ ـــ چۈشكۈنلۈكنىڭ مەنبەسى. ئىككىنچىدىن، ھەر جەھەتتىن رىقابەت كەسكىنلىشىۋاتقان جەمئىيەتتە، ئىنسانلارنىڭ ياشاش ۋاستىلىرى بارغانسېرى خىلمۇ خىل بولۇۋېرىدۇ؛ ئوقۇش ۋە ئىشلەش ئىمكانىيەتلىرىنىڭ پەلەمپەيلىرى كۆپىيىدۇ. ئادەملەر ۋە ئۇلارنى باشقۇرغۇچىلار ۋاستىلەردىن پايدىلىنىش ۋە پەلەمپەيلەردىن ئاتلاش ئۈچۈن تۈرلۈك ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، بىر ـ بىرىنى چەتكە قېقىش، يەكلەش، مىللەتداشلىق ۋە يۇرتداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئۇستۇن قويۇش دېگەندەك ئىللەتلەر يامراپ، بىر قىسىم ياشلار ئىتتىرىندى ـ سوقۇندى بولۇپ قالىدۇ. بۇلار ئىقبالدىن

ئۆمىدسىزلىنىپ، ناشايان ئىشلارنى قىلىدۇ. نەدە راستچىللىق ـ ئادالەت بولمىسا، شۇ يەردە ۋىجدانسىزلىق كۆپىيىدۇ.

**ھىممەتلىك**

جەمئىيەتشۇناسلار ھىممەت بىلەن ۋىجدان بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ، پەقەت ئالىي ھىممەتلىك ئادەملەردىلا ۋىجدان بولىدۇ، دەيدىكەن. راست، ۋىجدانسىز كىشى ھىممەتسىز كىشىدۇر. ھىممەت ــــ ياخشى نىيەت بىلەن بىرەر ئىشقا كىرىشمەك ۋە كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلماق. ئەلىشىر نەۋائىي: «ھىممەتسىز كىشى ئەر سانىدا ئەمەس، روھسىز بەدەننى كىشى تىرىك دېمەس» دەپتىكەن: يەنى ھىممىتى يوق كىشى ئەر سانالمايدۇ، ئادەم قاتارىدا ھېسابلانمايدۇ. بۇ خۇددى روھسىز تەنگە ئوخشايدۇ. نەۋائىي يەنە مۇنداق دېگەن: «ئادەمى بەدەندۇر ھىممەت ئاڭا روھ، ھىممەت ئەھلىدىن ئالەمدە يۈزمىڭ فۇتۇھ» (فۇتۇھ ــــ خۇشاللىق، كۆڭۈل ياياش؛ قولغا كىرگۈزۈش). ھىممەتنىڭ شەرتى «كەرەم ۋە فۇتۇۋۋەت» دۇر. بۇنى نەۋائىي مۇنداق چۈشەندۈرگەن: «كەرەم (ياخشىلىق) بىر جاپاكەشنىڭ شىددەتلى يۈكىن (ئېغىر يۈكىنى) كۆتۈرمەكتۇر ۋە ئانى ئول سۇئۇبەتدىن (قىيىنچىلىقتىن) ئۆتكەرمەكتۇر». فۇتۇۋۋەت ــــ يىگىتلىك، مەردلىك، سېخىيلىك. دېمەك، ھىممەت قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا بولۇشماق ۋە قىلغان ياخشىلىقىغا مىننەت قىلماسلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن، خەلقىمىز «مىننەتلىك ئېشىگىدىن قارنىمنىڭ ئىچى ياخشى» دېگەن ماقالنى ئىشلەتـكەن.

ھىممەتنىڭ ئىپادىلىرى ــــ مەردلىك، سېخىيلىك. مەرد كىشى سېخىي بولىدۇ، مەرد ـ سېخىي كىشى ئادەمگەرچىلىك ۋە دوستانە ـ خالىسانە ياردەمنى ئۆزىنىڭ ئادەمىيلىك بۇرچى دەپ سانايدۇ. بۇ ھەقتە مۇھەممەد پەيغەمبەر ياردەم شۇنداق خالىسانە بولغايكى، بىر قولۇڭدا بەرگەننى ئىككىنچى قولۇڭ كۆرمىسۇن، دېگەنىكەن.

ھىممەتلىك، شۇنىڭدەك ۋىجدانلىق كىشى ئىپپەتلىك بولىدۇ. ئىپپەت ــــ پاكلىق (روھىي پاكلىق)، نومۇسچانلىق، يامان ئىشلاردىن ساقلانماقلىق. ئىپپەت ــــ ئىنسانغا خاس گۈزەل ئەخلاق. بەزى ياشلار قانداقتۇر «ئەركىن ياشايمىز» دەپ، ئار - نومۇسنى قايرىپ قويۇپ، جامائەت سورۇنلىرىدىمۇ ھېچكىمدىن ھېيىقماي، ھەرخىل بەتقىلىقلارنى قىلىدۇ. بۇنداق سەت قىلىقلار ئەركىنلىكنىڭ ئىپادىسى ئەمەس، بەلكى قالاقلىقنىڭ، جاھالەتنىڭ، ھايۋانلىقنىڭ ئالامىتى. ئىپپەت ــــ ھەقىقىي گۈزەللىكتۇر. ئۇچىلىرىغا چىرايلىق - ئېسىل ئېگىنلەرنى ئارتىۋالغانلىق ۋە چاچلىرىنى بوۋدۇرلەپ، يۈز - كۆزلىرىنى بوياۋالغانلىق گۈزەللىكنىڭ بىرىنچى شەرتى ئەمەس. ئىچكى گۈزەللىك ــــ ئار - نومۇس ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر شەرتتۇر. قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇر قىز - يىگىتلىرى شەرم - ھايا ۋە ئار - نومۇسنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ گۈزەل ئەخلاقى دەپ بىلگەن ھەمدە ھەقىقىي ئەركىن ياشاشقا ۋە ئۆز ئىشى ھەم خەلق ئىشى ئۈچۈن ھىممەتلىك بولۇشقا تىرىشقان. تارىختا ئۆتكەن نەمۇنىدار ۋە پىداكار قىزلاردىن نۇرئەلا نۇرخان، ئۇممەگۈلسۈم، نوزۇگۇم ۋە باشقىلار ئار - نومۇس بىلەن ياشاپ، ھىممەتلىك ھەم ئىپپەتلىك بولۇپ، ۋىجدان ئازابىدىن ئۆلۈمنى راۋا كۆرگەن قەھرىمانلاردۇر.

ئەمما، ھازىر بىلىم سەۋىيىسى يۇقىرىلىقىغا باقماي، جاھاندارچىلىق پەلسەپىسىنى ئۇبدان بىلگەن بەزى «ئوقۇمۇشلۇق» ياشلىرىمىز كۆپ ۋاقتىنى رېستوران - مەيخانىلاردا ئەيش - ئىشرەت ئۈچۈن سەرپ قىلماقتا. بۇنى راھەتتە پەيزى سۈرگەنلىك دېيىشمەكتە. ئەكسىچە، بۇ زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىك ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ ھەربىر ھەددى - ھەرىكىتى ئۆز خەلقىنىڭ ئىقبالى بىلەن چەمبەرچاس باغلىق ئىكەنلىكىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمىگەن مۇنداق ياشلاردىن خەلق بىزار بولىدۇ ۋە ئاخىردا ئۆزىمۇ ئۆزىدىن بىزار بولىدۇ - دە، ھالاكەت يولىغا كىرىدۇ.

يېقىندا بىر دوستۇم بەزى قىزلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى مىڭ جاپادا تېجەپ - يىغىپ ئەۋەتكەن تۇرمۇش خىراجىتى يېتىشمىگەنلىكى ئۈچۈن،

بەزمخانىلاردا بايۋەچچىلەرگە ئۇلپەت بولۇپ بېرىپ، ئازراق ھەققە ئىگە بولۇۋاتقانلىقىدىن ھەسرەتلەندى. ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىدا ھەر خىل قىيىنچىلىق بولىدۇ. لېكىن شۇ نەرسە مەلۇمكى، ھازىرقى بەزى ياشلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن قىيىنچىلىق ئۆتكەنكى ئىلىم تەلەپلىرىنىڭ تارتقان جاپاسىغا قارىغاندا ھېچ گەپ ئەمەس. ئۆتمۈشتە، پىل ــ پىل قارا چىراغ يورۇقىدا، چىراغ تاپالمىسا ئايدىڭدا كىتاب ئوقۇپ، زاغرا يەپ، يوبدان ئىچىپ ئىلىم مۇتالىئە قىلغان تالىپلاردىن نى ــ نى ئۆلىمالار يېتىشىپ چىققانلىقى ھەممىگە ئايان. ئارنى مارغا (يىلانغا ــ ھارام مەنىشەتكە) تۇتۇپ بېرىش ئىپپەتنى بۇلغاشتۇر، مىللەتكە داغ كەلتۈرۈشتۇر.

ھەممەتىلىك بولىمەن دەپ ئالدىراڭغۇ ــ يېگىلىتەك بولماسلىق لازىم. يېگىلىتەكلىك يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يۇنان ھەكىملىرىدىن دېموكرىت مۇنداق دەپتىكەن: «ياشلار ئۆگىنىپ قالىدىغان ئەڭ يامان نەرسە ـــ يېگىلىتەكلىك. يېگىلىتەكلىك شۇنداق بىر ئۇرۇق چاچىدۇكى، ئۇنىڭدىن بۇزۇقلۇق بىخلىرى ئۇنۇپ چىقىدۇ».

ھەممەتىسىز كىشى بىپەرۋا بولىدۇ. چۈنكى ھەممەت بىپەرۋالىق بىلەن چىقىشالمايدۇ. بەزى ياشلار ئەتراپىدىكى ئىشلارغا ۋە ئادەملەرگە بىپەرۋا قارايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنى رېئاللىقتىن تاشقىرى ھېسابلاپ، «پەرۋايىم پەلەك» دەپ، بىپەرۋالىقنى ياشاشنىڭ دەستىكى قىلىۋالغان. ئادەمنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى ـــ جەمئىيەتلىك ياشاشتۇر. پەقەت ئۆزىنى جەمئىيەتتىن قاچۇرۇپ، تەركىدۇنيا بولۇپ ياشايدىغان زاھىدلارلا ھەممىدىن بىپەرۋالار-دۇر. لېكىن بۇلارمۇ تىرىكلىك ئۈچۈن قورسىقىدىن بىپەرۋا بولالمايدۇ. دېمەك، ھەرقانداق ئادەم ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتتىن ھېچقاچان بىپەرۋا بولالمايدۇ.

ئوقۇرمەن، ئۆز خەلقىڭگە ياخشىلىق قىلالمىساڭ مەيلى، پەقەت ھىممەتسىز سانىلىسەن، لېكىن ئۆز خەلقىڭگە يامانلىق قىلما، يامانلىق قىلساڭ مۇناپىق ئاتىلىسەن، مەڭگۈ لەنەتكە ئۇچرايسەن.

## مەدەنىيلىك

مەدەنىيلىكنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ئەدەپلىكتۇر. مەدەنىيلىك تەربىيىلىك، گۈزەللىك، مۇلايىملىق، سۆلكەتلىك دېگەندەك شەرتلەر بىلەن گەۋدىلىنىدۇ.

تەربىيىلىك — ئىلىم - بىلىم، ھۈنەر - سەنئەت ئىگىسى بولۇش دېمەكلىكتۇر؛ گۈزەللىك — كىيىم - كېچەك، سۆز - ھەرىكەت، خۇي - خۇلق چىرايلىقلىقى دېمەكلىكتۇر؛ مۇلايىملىق — كىشىلەر ئارا مۇئامىلە، ۋەدىگە ۋاپا، سىلىقلىق، ئۇيغۇنلۇق - ماسلىق دېمەكلىكتۇر؛ سۆلكەتلىك — توغرا يول تۇتۇش، يولسىزلىق قىلماسلىق دېمەكلىكتۇر. ئومۇمىي جەھەتتىن ئىنسانىيەتتە مەدەنىيلىكنىڭ دائىرىسى بولمايدۇ. لېكىن مىللىي مەدەنىيلىكنىڭ نىسپىي ھالدا چەك - چېگرىسى بولىدۇ.

ئىسلاھات ۋە ئىشىكنى ئېچىۋېتىش مابەينىدە، خىلمۇخىل مەدەنىيەتلەر كىرىشكە باشلىدى. مىللىي - ئەنئەنىۋى بەزمە - مەشرەپ مەدەنىيىتى ئورنىنى شەھەرلەردە رېستوران - مەيخانا مەدەنىيىتى ئىگىلىدى. دەرۋەقە، «ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە» دېگەن ماقال بار. ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تەرەققىيات جەريانىدا، چەتتىن ھەرخىل يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىمىز. ئەمما «يېڭىلىق» دېيىلگەن بۇ «سۇ» غا خەلق ماقالىدە «بېلىڭچە كىر»، شۇڭغۇپ غەرق بولۇپ كەتمە دەپ ئەسكەرتىلگەن.

بىز مەدەنىيلىكنى تەرغىب قىلىمىز ھەم تەكىتلەيمىز. چۈنكى مەدەنىيلىك پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل خىسلىتى ۋە ئىنسانىيەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ. مىللىي مەدەنىيلىك مىللىي بارلىق بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. مۇبادا، ھاراقكەشلىك، قىمارۋازلىق، زەھەر بەڭگىلىكى، پاھىشۋازلىق ۋە ھەرخىل ۋاستىلەر ئارقىلىق كىشىلەرنى شەكلى ئۆزگەرگەن قۇل قىلىش بىلەن ئىپادىلەنسە، ئۇ مەدەنىيلىك ئەمەس، ئىنسانىيەتسىزلىك بولىدۇ، بۇنداق «مەدەنىيلىك»كە بىزنىڭ مىللىي - ئەنئەنىۋى ئەدەپ - ئەخلاقىمىز قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. مەدەنىيلىكنىڭ ئاچقۇچى — تەربىيە (ئائىلە

تەربىيىسى، مەكتەپ تەربىيىسى، جامائەت تەربىيىسى).

قانچىلىغان ئەسىر قالاقلىق، نادانلىق، جاھالەت ۋە مۇستەبىتلىك زۇلۇملىرىنى ھەددىدىن ئارتۇق تارتىپ، ئاسارەت ئىچىدە ياشىغان خەلقنىڭ ئاساسىي كۆپچىلىك ئاھالىسى ــــ دېھقانلارنىڭ خېلىلا قىسمى ئەسىر ھالقىيدىغان پۇرسەتتە، يەنىلا يوقسۇللۇق ۋە مەرىپەتسىزلىك چەمبىرىكى ئىچىدە قىسىرلاۋاتقانىكەن، ئۇلارنىڭ ئۈمىد ـ ئىقبالى بولغان ياشلارنىڭ مەدەنىيلىكنى ئۆگىنىشى ۋە مىللىي ـ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى زامانىۋىلىكـ نىڭ ئىلغار ـ ئاكتىپ ئۇنسۇرلىرى بىلەن ئۇزۇقلاندۇرۇشى ۋە شۇ يول بىلەن ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى داۋام قىلدۇرۇشى ئاكتۇئال ۋە جانىجان مەنپەئەت مەسىلىسى بولۇپ قالدى.

## ئىجتىھاتلىق

ئىجتىھات قىلماق ــــ تىرىشماق، بار كۈچى بىلەن ھەرىكەت قىلـ ماق، يېڭىلىق ئىزدەپ تاپماق دېمەكلىكتۇر. بارلىق مەۋجۇدات پەيدا بولغاندىن تارتىپ تىرىكچىلىك ئۈچۈن ۋە ياكى بىرەر مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، تىرىشىپ كەلمەكتە.

بۈگۈنكى كۈندە نازۇك ۋە يۇمشاق پەنلەر تەرەققىي قىلغانسېرى، ئىنسانىيەتنىڭ پائالىيەت دائىرىسى ــــ زامان ۋە ماكان تارلىشىپ، كىشىلەر ياشاشنىڭ تۈرلۈك ۋاستىلىرىنى ئىزدەپ، جىسمانىي كۈچكە قارىغاندا ئەقلىي كۈچنى كۆپرەك ئىشلەتمەكتە. بۇ ھالدا ئىجتىھات قىلمىسا ھەتتا ياشاشتىنمۇ مەھرۇم بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، ئىجتىھات كىشىنىڭ ئىرادىلىك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شەيخ سەئدى: «ئىرادىلىك كىشى ئۆز ئەمگىكىـ گى بىلەن ئۆز تۇرمۇشىنى تەمىن قىلىدۇ. ئىرادىسىز كىشى ئۆزگىنىڭ تۆكۈرۈكىگە تايىنىدۇ» دەيتىكەن. ئىجتىھاتلىق بولۇشنىڭ يەنە بىر شەرتى روھلۇق بولماق. روھلۇق بولغاندا ئۆزگىلەردىن تىرىشقاق بولىدۇ، تىرىشقاق بولالىغاندا، باشقىلاردىن كۆپرەك مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ. روھلۇق بولۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئۈمىدۋار بولماق. ئۆز رايىغا

توغرا كەلمىگەن ئىشقا دۇچ كەلگەندە، زۇرۇرىيەتكە قاراپ مۇرەسسە يولىنى تۇتۇش، ئەمما روھسىزلانماسلىق. كىشىلىك تۇرمۇشتا ھەممە ئىش كىشىنىڭ ئۆز رايىغا مۇۋاپىق كېلىۋەرمەيدۇ. ھازىرقى ھايات خۇددى مارافون يۈگۈرۈشكە ئوخشايدۇ. ئىرادىسى بوشاشمىسا ئاخىرقى نىشانغا يېتەلەيدۇ. ئىجتىھاتلىق كىشى بىر ئىشقا كىرىشسە، ئۇنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ، دېگەن سۆزنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ. ئىجتىھاتلىق كىشى پۇرسەتنى قولدىن كەتكۈزمەيدۇ. ئىجتىھاتلىق كىشى چىداملىق بولىدۇ، غەيرەتلىك بولىدۇ. ئىجتىھاتسىز كىشى يېۋاتقان ئىشىنىمۇ ئۆزگىگە تارتقۇزۇپ قويىدۇ. ئالىم ۋە ئەدىبلىرىمىزنىڭ تەنبىھلىرىنى ئەسلەيلى. مەھمۇت كاشغەرى: «ياشلىقتا تىرىشمىسا، قېرىغاندا قايغۇرىدۇ» دېگەن؛ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «كىمنىڭ تىرىشچانلىقى بولمىسا، ئۇ ئۆلۈكتۇر» دېگەن. شۇڭا ياشلار باشلىغان ئىشنى يېرىم يولدا تاشلىۋەتمەسلىكى ھەم كەينىگە سۆرىمەسلىكى، ئۆزىنى قامچىلاپ تۇرۇشى كېرەك.

رىقابەت كەسكىن بولۇۋاتقان پەن ـ تېخنىكا زامانىدا، ئاھالىزىچلىقىدىن تارىيىۋاتقان ماكاندا، پەقەت ئىرادىلىك بولۇپ تىنماي ئىجتىھات قىلغاندىلا، ياشلار كەلگۈسىدىكى مەۋجۇتلۇق زېمىنىگە ۋە راۋاجلىنىش بوشلۇقىغا كېپىللىك قىلالايدۇ. ھازىرقى چاغدا ئىجتىھات ـــ ھاياتلىقنىڭ ھەل قىلغۇچ شەرتى بولۇپ قالدى.

### دوستلۇق

دۇنيادا دوست ـ يار تۇتمايدىغان ئادەم يوق. ئەمما دوستىنىڭ دوستى بولغاندەك، دوستىنىڭ دۈشمىنىمۇ بولىدۇ. شۇنداقلا دۈشمەنىنىڭمۇ دۈشمىنى بولىدۇ. بەزىلەر مەنپەئەت ـ نەپ تۈپەيلىدىن دوستىنىڭ دۈشمىنى بىلەن دوست، دۈشمەنىنىڭ دوستى بىلەن دۈشمەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. بەزىلەر «بىز قىيامەتلىك دوست» دېيىشىدۇ. بۇ مەڭگۈلۈك، يەنى بۇ دۇنيا ـ ئۇ دۇنيا ئاجرالماس دوست دېگەنلىك. دەرۋەقە، مۇنداق دوستلۇق بىر ـ

بىرىگە ھەقىقىي ئىشەنچ بىلدۈرۈپ، ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەننى دوستىغىمۇ راۋا كۆرمەيدىغان، دوستىنىڭ دەردىگە داۋا ۋە رەنجىگە شىپا بولىدىغان ھەمدەرد، ھەمراھەت دوستلۇقتۇر. مۇنداق دوستلۇق كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدۇ.

ھەقىقىي دوستلۇق ئۈچۈن، كىشىلەردە ئۆزئارا ئىشەنچ ـ ئىناۋەت، ھەرقانداق چاغدا بىر ـ بىرىگە ساداقەت، مۇئامىلىدە راستچىل، مۇناسىۋەتتە ھىممەت ـ مۇرۇۋۋەت (ياردەم ـ مەدەت)، ئۆزئارا مېھرىبان بولمىقى لازىم. ئىشەنچ ـ ئىناۋەتنىڭ شەرتى يالغان سۆز ۋە يالغان ئىش قىلماسلىق. ئەلىشىر نەۋائىي: «يالغانچى ھەر سۆزىدە فەسىھراق، سۆزى قەبىھراق» دېگەن. ئۆز نەپسىنىڭ كەينىگە كىرگەن ۋە كىشىدىن نەپ ئېلىشنىلا كۆزلىگەن كىشى يالغانچىلىق يولىنى تۇتىدۇ. چىن دوستلار بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتمايدۇ.

دوستلۇقنىڭ يەنە بىر شەرتى بىر ـ بىرىگە كۆيۈمچانلىقتۇر. ھەقىقىي دوست كۆيۈملۈك بولغىنى ئۈچۈن ئۆز دوستىغا كۆيۈپ ـ پىششىپ توغرا مەسلىھەت بېرىدۇ ۋە بەزى ناتوغرا سۆز ـ ھەرىكەتتىن توسۇيدۇ. شۇڭا ماقالدا: «دوست ئاغرىتىپ ئەيتۇر، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ» دېيىلگەن: دوستىنىڭ ئاغرىتىپ ئېيتقان سۆزى ھېچقاچان كۆڭۈلنى يارا قىلىدىغان زەھەرلىك ـ ئاچچىق سۆز ئەمەس.

بەزىلەر دوستلۇق بىلەن ئۈلپەتنى تەڭ قويىدۇ. ئەمما دوستلۇق باشقا، ئۈلپەت باشقا. ئۈلپەت دېگەندە، كۆپىنچە يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتىكى ھەمراھ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «ئۈلپەتنىڭ قاغا بولسا، يېيىشىڭ نىجاسەت» دېيىلگەن خەلق ماقالىمۇ شۇنى كۆرسىتىدۇ. ئۈلپەت ۋاقىتلىق بولىدۇ. «پالاننىڭ ئۈلپەتچىلىكى بار» دېگەنلىك، پەقەت شۇ كىشىنىڭ داستىخان ئۈستىدىكى خۇسۇسىيىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ياخشى خىسلەتلىك كىشى بىلەن دوست بولۇشقا تىرىشماق لازىم. «ئەخمەقنىڭ دوستى تولا» دېگەن ماقال «ئۈلپىتى تولا» دېگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ. مۇنداق «تولا ئۈلپەت» قول ـ ئىلكىدا بار چاغدا خۇددى

ھەسەلگە ئۇلاشقان چېغىدا ئەتراپىڭنى چۆرگىلەيدۇ، قول ـ ئىلكىڭدە قالمىغاندا، ھەتتا سېنى تونۇماي قويىدۇ.

كىشىنىڭ دۈشمەنلىرى دوستى تولا بولغىنى ياخشى. پەيلاسوپ شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق دەيتتى:

ئاداش، قولداش، ئەرداش تۇتقۇندى قالىن،
ئاداش، قولداش ئول ئەركە ئارقا بىلىن.

كىمدە بولسا قولداش ـ ئاداش تەلىم،
ئانىڭ ئارقاسى بەك قايا ئول يالىم.

بۇ مىسرالارنىڭ مەنىسى شۇكى، ئاداش ـ قولداش، دوست ـ يارەننى كۆپ تۇتۇش كېرەك. ئاداش ـ قولداشلىرى كۆپ بولغان كىشىنىڭ ئارقا ـ يۆلەنچۈكى چىڭ بولىدۇ.كىمنىڭ قولداش ـ ئاداشلىرى تولا بولسا، ئۇنىڭ ئارقا ـ يۆلەنچۈكى خۇددى قىيادەك مۇستەھكەم بولىدۇ.

## ئىتتىپاقلىق

ئىتتىپاقلىق ھۆكۈمەت ئىشىدا سىياسىي شوئار، جەمئىيەت پائالىيىتىدە گۈزەل ئەخلاق سانىلىدۇ. كىشىلەر ئارا ھەقىقىي ئىتتىپاقلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ بىرقانچە شەرتلىرى بولىدۇ: تەڭ ـ باراۋەرلىك، بۇ ھەقىقىي ئىتتىپاقلىقنىڭ ھەل قىلغۇچ شەرتى. ھەركىم ھەر خىل مۇناسىۋەتلەردە، سۆز ـ ھەرىكەتتە، مەنپەئەتدارلىقتا بىر ـ بىرىدىن ئىمتىيازلىق بولماي، ئۆزىنى ئۆزگىدىن ئۈستۈن چاغلىماي، «راھەت ماڭا خاس، كۈلپەت ساڭا بەس» دېمەي، ئۆزى بىلەن ئۆزگىنى تەڭ كۆرسە، ھەقىقىي ئىتتىپاقلىق ھاسىل بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، «يۈزىدە كۈلكە، ئىچىدە ئوغا» قايىنايدىغان ھالەت، يەنى كۆرۈنۈشتە ئىتتىپاقلىق، ماھىيەتتە نىپاقلىق

شەكىللىنىدۇ. ئۆزىنى ئۆزگىدىن ئۈستۈن چاغلىماسلىقنىڭ بىر ئىپادىسى كەمتەرلىكتۇر. مىجەز ـ خاراكتېر ئۈچۈن ئورتاق ئۆلچەم ـــ كەمتەرلىك-تۇر.

رىقابەت كەسكىنلىشۋاتقان زاماندا، ھەقىقىي ئىتتىپاقلىقنىڭ بولۇشى ناھايىتى تەس. باي بىلەن گاداي، تادان بىلەن نادان، مەككار بىلەن مۇلايىم، ھاكاۋۇر بىلەن كەمتەر، خۇشامەتچى بىلەن ئالىيجاناب، سېخىي بىلەن بېخىل، سۇخەنچى بىلەن راستچىل ھەرگىز تەڭ بولالمايدۇ، ئىتتى-پاق بولالمايدۇ. بۇلار بىر ـ بىرىنىڭ زىتىدا بولىدۇ، بۇلاردىن ئالدىنقىلى-رى پەقەت مەلۇم غەرەزدىلا كېيىنكىلىرى بىلەن مادارا قىلىشى، يەنى ئىككەككە چوماق دوقال كېلىپ قالغاندىلا، بىلەي بىلەن پىچاقنىڭ مۇناسى-ۋىتىدەك مادارا قىلىشى مۇمكىن. مادارا ـــ ئىتتىپاقلىق ئەمەس، بەلكى كېلىشىش، چىقىشىش، يۈزەكى ياخشى مۇئامىلىنى بىلدۈرىدۇ.

كىمكى ئىتتىپاقلىقنى ئەلا بىلىدىكەن. ئۇ ئۆزىنى قەدىرلىگەندەك ئۆزگىنى قەدىرلىمىكى لازىم. ئۆز قەدرىنى بىلگەن كىشى ئۆزگىنى قەدىر-لەيدۇ، شۇنىڭدەك ئۆزگىنى قەدىرلەشنى بىلگەن كىشى ئۆز قەدرىگە يېتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سەۋرلىك بولماق لازىم. سەۋرلىك بولۇشنىڭ ئۆزى كىشى-لەرگە ھۆرمەت بىلدۈرۈشتۇر. سەۋرلىك بولۇش ـــ ئۆزگىنىڭ ھال ـ مۇڭىنى كۆپ ئاڭلاش ۋە ئوبدان ئاڭلاش، ئۆزئارا كۆرۈلگەن ئوخشاش پاكىتلارنى تەھقىقلەپ ماھىيەتنى ئېنىقلاش، ئۆزگىنىڭ كۆڭلى ئاغرىغانلى-قىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپ، كۆڭلىگە مەلھەم بولۇش دېمەكلىكتۇر. «چا-ۋاك ئىككى قولدىن چىقىدۇ» دېگەن ماقال ئىتتىپاقلىق ئىككى ئوتتۇرىدا تەڭلىك بولغاندا ۋۇجۇدقا چىقىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئەدەپ ـ ئەخلاق توغرىسىدىكى سۆزىمىزنى ھەزرىتى نەۋائىينىڭ مۇنۇ ھېكمەتلىك گەپلىرى بىلەن خۇلاسىلەيمىز:

«خۇلق جانىبىدىن بىھۆرمەتلىك ئىشىكىن باغلار ۋە كىشىنى ئەزل ۋە ئىستىخافدىن ساقلار؛ تەبىئەتىغە ئىنسانىيەت تەرىقىدە ئەندام بېرۇر ۋە مىزاجىغە ئادەمىيلىك مەنزەلىدە ئارام يەتكۈزۇر»؛ بۇنىڭ مەنىسى شۇكى،

ئەدەپ سەۋەبىدىن ھۆرمەتسىزلىكنىڭ ئىشكى ئېچىلىدۇ ۋە ئەدەپ كىشىنى كەمسىتىلىش ۋە مەسخىرىلىنىشتىن ساقلايدۇ؛ ئەدەپ ئادەمنىڭ تەبىئىتىگە ئىنسانىي ئەندام ـ پەزىلەت بېغىشلايدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ مىجەزىگە ئادەمىيـ لىك مەنزىلىدە ئارام بېرىدۇ.

نەۋائىي يەنە مۇنداق دېگەن: «مۇھەببەتكە زېبۇپىرايە ئەدەبدىن يېتەر ۋە مۇۋەددەتقە رەۋنەقۇ بەھا ئەدەب تەركىدىن كېتەر». بۇنىڭ مەنىسى شۇكى، مۇھەببەتكە زىبۇ زىننەت ۋە بېزەك ئەدەپتىن كېلىدۇ ۋە ئەدەپنى تەرك قىلسا دوستلۇقنىڭ رەۋنىقى ۋە ھۆسنى يوقىلىدۇ.

# تۇرمۇشتىكى ئەدەپ ـ يوسۇنلىرىمىز

ئەدەپ ــــ ئەرەبچە سۆز، بۇنىڭ تولۇق مەنىسى «ياخشى تەربىيە»، «چىرايلىق قىلىق»، «يۈرۈش ـ تۇرۇشى يېقىملىق»، «سۆز ـ ھەرىكىتى سىلىق» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ مەنىلەردىن تۇرلىنىپ، ئەدەپ ـ قائىدىلىك، رەسىم يوسۇنلۇق، تەربىيە كۆرگەن دېگەن ئۇقۇملاردىن باشقا، ئەدەپلىمەك، ئەدىپىنى بەرمەك، يەنى ئەدەپكە چاقىرماق، ئەدەپ نۇقتىسىدىن جازالىماق دېگەندەك ئۇقۇملارنىمۇ ئاڭلىتىدۇ. ئەگەر يوقلۇق قوشۇمچىسى «سىز» ياكى يوقلۇق سۆز ئالدى قوشۇمچىسى «بى» قوشۇلۇپ كەلسە (يەنى «ئەدەپسىز» ياكى «بىئەدەپ» بولۇپ) ئەدەپنىڭ تولۇق مەنىسى ئۆزگىرىپ، «قائىدە ـ يوسۇننى بىلمەيدىغان»، «قوپال»، «ئەخلاقسىز» دېگەندەك سەلبىي مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئەدەپ بىلەن يوسۇن ۋە ئەدەپ بىلەن ئەخلاقمۇ كۆپ ھاللاردا مەنىداش كېلىدۇ؛ شۇڭىدەك ئەدەپسىز دېگەن سۆز «قائىدە ـ يوسۇنسىز» ياكى «ئەخلاقسىز» دېگەن سۆزلەر بىلەن بىر مەنىدە ئىشلىتىلىدۇ.

«ئەخلاق» (بىرلىك شەكلى «خۇلق») ــــ خۇلقلار، يۈرۈش ـ تۇرۇش، سۆز ـ مۇئامىلىدىكى ھەرىكەتلەر دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. «ئەدەپ» ياكى «ئەخلاق» سۆزىگە پەقەت «ياخشى»، «گۈزەل» دېگەندەك ئىجابىي سۈپەتلەرنى قوشۇشقا بولىدۇكى، «يامان»، «ئەسكى» دېگەندەك سەلبىي سۈپەتلەر قوشۇلمايدۇ. «ئەخلاق» نىڭ بىرلىك شەكلى «خۇلق» نى «خۇلقى يامان» دەپ سەلبىي مەنىدە ئىشلىتىشكە بولىدۇ. دېمەك، ئەخلاق ــــ ياخشى، چىرايلىقنىڭ ئىپادىسى بولغاچقا، «ياخشى ئەخلاق»، «گۈزەل ئەخلاق» دەپ ئاشۇرما سۈپەت شەكلىدە قوللىنىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى «قىلىق» «خۇلق» بىلەن مەنىداش سۆزدۇر. «خۇلقى چىرايلىق» بىلەن «قىلىقى چىرايلىق» ياكى «خۇلقى سەت» بىلەن «قىلىقى سەت» بىر مەنىدىكى سۆپەتلەردۇر.

ئەدەپ ـ ئەخلاق خەلقنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەريانىدا شەكىللىنىپ، راۋاجلىنىپ كەلگەن، ئۇ خەلقنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن پەيدا بولغاچقا، ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىمكى، «ئەنئەنە» بولالىغان نەرسە ـ ھەرىكەت، ئەلـۋەتتە ياخشى گۈزەل نەرسە ـــ ھەرىكەتتۇر؛ ياخشى بولمىغان ھەر-قانداق نەرسە ـــ ھەرىكەت ئەنئەنە بولالمايدۇ. ئەمما ئادەتنىڭ ياخشى ـ يامىنى بولىدۇ. ئەدەپلىك ـ ئەخلاقلىق بولۇش ياخشى ئادەتتۇر. يامان قىلىق، قوپال سۆز، ئۇسال كۆنۈكۈشلەر يامان ئادەتتۇر. مەسىلەن، «پالانىنىڭ... قىلىدىغان يامان ئادىتى بار» ياكى «... يامان قىلىقى بار» دېگەن ئىبارىلەرمۇ يامان ئادەتلەرنى بىلدۈرىدۇ. ياخشى ئادەتلەر ئەدەپ ـ ئەخلاق بىلەن گەۋدىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، ئەدەپسىزلىك ياكى ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئۆزىمۇ يامان ئادەتتۇر.

پەقەت ئادەم ئۆزىنى چۈشەنگەن ۋە ئىلىكىدىكەندىلا، ئەدەپلىك ـ ئەخلاقلىق بولالايدۇ. ئۆزى (ئادەمىيلىك)نى چۈشەنمىگەن ۋە ئىلىكىدالمى-غان ئادەم ئەدەپسىز ـ ئەخلاقسىز بولىدۇ. ئەدەپ ـ ئەخلاق ئادەمنىڭ جىسمانىي ھالىتى بىلەن مەنىۋى ھالىتىدە ھەمىشە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. جىسمانىي ھالىتى (تەق ـ تۇرقى، كىيىم ـ كېچىكى، چىراي شەكلى) چىرايلىق ۋە سۆلكەتلىك بولغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئەدەبلىك ـ ئەخلاق-لىق بولۇشى ناتايىن. پەقەت مەنىۋى ھالىتى چىرايلىق ـ سۆلكەتلىك بولغاندىلا، ئەدەپلىك ـ ئەخلاقلىق بولالايدۇ. ئادەم سۆز ـ ھەرىكىتىنى ئادەمىيلىك ئەقىل ـ ئىدراكى ۋە ئاڭ ـ تۇيغۇسى بىلەن چۈشەنگەن رەۋىشتە قىلالىسىلا، ئۇ ئادەم ئاندىن جىسمانىي ۋە مەنىۋى ھالەتلىرىنى، جۈملىدىن سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى ئەخلاقىي ھالەتكە يۈكسەلدۈرەلەيدۇ. ئەقىل ـ ئىدراكسىز ۋە ئاڭ ـ تۇيغۇسىز قىلىنغان ھەرقانداق سۆز ـ ھەرىكەتلەر پەقەت ئادەمنىڭ تەبىئىي ئىقتىدارىنىڭ ئىپادىسىلا بولىدۇ،

خالاس. مەسلەن، ئادەم بالىسى تۇغۇلغاندىن كېيىن ئاتا ـ ئانىسىغا تەقلىد قىلىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ پەقەت تەبىئىي ئىقتىدارىنىڭ ئىپادىسى، ھېچقاچان ئەقىل ـ ئىدراكنى ئىشلەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس. بالا تەبىئىي ئىقتىدارىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن تەقلىد قىلىدۇ. بۇنداق تەقلىدىي ھەرىكەت ئەدەپ ـ ئەخلاق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ھەرىكەت ئەمەس، پەقەت تار مەنىدىكى «قىلىق» تۇر.

بۇ ـــ كىشىلىك تۇرمۇشىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى. ئادەم ئەقىل ـ ئىدراكنى ئىشلىتىش باسقۇچىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئادەمنىڭ ئەخلاق باسقۇچى باشلىنىدۇ، يەنى ئادەم بالىسى ياخشى بىلەن يامان، چىرايلىق بىلەن سەت، شۇنىڭدەك ئىككى ياخشى ۋە ياكى ئىككى يامان ئوتتۇرىسىدا پەرقلەرنى ساغلام ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن ئايرىيالايدىغان دەرىجىگە يەتـكەندىلا، ئادەمنىڭ ئەخلاقىي باسقۇچى باشلىنىدۇ، بۇ ـــ كىشىلىك تۇرمۇشىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى.

جەمئىيەتشۇناسلارنىڭ تەھلىلىچە، بىرەر ئادەمنىڭ تاشقى تۇرقى بىلەن ئىچكى ھالىتى (شەكلى بىلەن قەلبى) بىرىكىپ، گۈزەللىككە ئايلانـغاندىلا، بىر خىل ئەدەپ ـ ئەخلاق بولۇپ شەكىللىنىدۇ. ئەدەپ ـ ئەخلاق ئىجتىمائىي بولىدۇ، ئادەمنىڭ ئادەمىيلىكىنى ئۆلچەيدىغان مىزانـدۇر. شۇڭا ئۇ ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا ھەر سائەت ـ ھەر مىنۇت ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسلەن، بىرەر كىشى باشقا بىر مەزلۇم (زۇلۇمغا ياكى پالاكەتكە ئۇچرىغۇچى)نى ئەمەلىي ھەرىكەت بىلەن قۇتقۇزۇش ئالدىدا، مەزكۇر ھەرىكەت (قۇتقۇزۇش)نى قوللىنىشقا تاناسىپ ھالدا ئۇ كىشىدە بىر سەزگۈ پەيدا بولىدۇ ـ دە، سەزگۈنىڭ تۈرتكىسى بىلەن جاسارەت پەيدا بولىدۇ. ئەنە شۇ جاسارەتنى زامان ـ ماكانغا باب ھالدا دەرھال قوللانغانلىقى ئۇ كىشىنىڭ ئالىيجانابلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مۇشۇنداق ئالىيجانابلىق ـــ ئەخـلاقتۇر. ئادەمنىڭ ئادەملىكى ـــ ئادەمىيلىك بىلەن بىلىنىدۇ. ئادەمىيلىكنى بىلگەن ـ چۈشەنگەن ئادەم ئالىيجاناب، گۈزەل ئەخلاق ئىگىسى ھېسابلىـنىدۇ. ئادەملىك قىياپىتىدە بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئادەمىي ھېسابلانمايدۇ، ئۇ ـــ جىسمانىي تۇرقى جەھەتتە باشقا مەخلۇقلاردىن پەرقلىنىدىغان ۋە

ئويلىيالايدىغان ھەم سۆزلىيەلەيدىغان مەخلۇق بولىدۇ. قاچانكى ئادەمنىڭ جىسمانىي ھالىتى بىلەن ئەخلاقىي ھالىتى بىرىككەندىلا، ئۇ ئادەمىي ھېسابلىنىدۇ. ئادەمىيلىك دەرىجىسىگە يەتكەن كىشىنىڭ ۋۇجۇدىغا ئا - لىيجانابلىق ـــ گۈزەل ئەخلاق مۇجەسسەملەنگەن بولىدۇ. بۇنداق گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئىپادىلىرى: ئىنسانپەرۋەرلىك، ساداقەت، ئادالەت، ماتانەت (قەيسەرلىك)، مەردلىك، ساخاۋەت، مېھرىبانلىق، دوستلۇق ـ ئىناقلىق، مەدەتكارلىق، پاكلىق ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت. شۇنىڭدەك، ئادەمىيلىك دەرىجىسىگە يەتكەن ئادەمنىڭ روھانىتىغا ئار ـ نومۇس، ئىپپەت، راستچىل - لىق، كۆيۈمچانلىق، كەڭ قورساقلىق، كەچۈرۈمچانلىق، سەۋر ـ تاقەت، ۋىجدان، قۇدرەت، غەيرەت ـ شىجائەت، رايىشلىق، كەمتەرلىك سۈپەتلىرى سىڭگەن بولىدۇ. بۇ سۈپەتلەر ـــ ئىچكى ئامىللار، ياكى قەلبەن بىلىمە - لەردۇر. گەپ ـ سۆز، يۈرۈش ـ تۇرۇش، مۇئامىلە ـ رابىتە، كىيىنىش ـ جابدۇنۇش ھالەتلىرى ـــ تاشقى ئامىللار ياكى شەكلەن كۆرۈنۈشلەر - دۇر. ئەنە شۇنداق تاشقى ـ ئىچكى ئامىللار، يەنى قەلبەن بىلىملەر بىلەن شەكلەن كۆرۈنۈشلەر بىرىككەندىلا گۈزەل ئەخلاقنى شەكىللەندۈرىدۇ.

دېمەك، كىشى شەكلەن ھالەتتىن ئەخلاقىي ھالەتكە يۈكسەلمىكى لازىم. مۇنداق يۈكسەلمەك ئۈچۈن، كىشى تۆۋەن دەرىجىدىكى تەبىئىي ھالىتىنى، يەنى ئەقەللىي ئادەملىك ھالىتىنى، ياخشىلىمىقى لازىم، ياخشى - لاشنىڭ قورالى ـــ ئەدەپ ـ يوسۇندۇر. ئەدەپ ـ يوسۇن ئىجتىمائىيلى - قى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. ئاغۇن ـ بوغۇنلىرىمىز ئارىسىدا زامان ـ زامانلاردىن بۇيان شەكىللەنگەن ۋە ئومۇمىــي خەلق بىردەك ئېتىراپ قىلغان ئەدەپ ـ يوسۇنلىرىمىز بار. مۇنداق ئەدەپ ـ يوسۇنلار ئومۇمىي ئەل ـ يۇرت ئىچىدە ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا جارىيدۇر.

خەلق ئارىسىدا «يامان بولىدۇ» دېگەن ـــ ئومۇمىي خەلق بىلىدى - غان بىر ئىبارە بار. بىركىم بىرەر ناتوغرا ئىشنى قىلماق بولسا ياكى قىلسا، باشقىلار ئۇ ئادەمنى ئاشۇ ناتوغرا ئىشتىن «يامان بولىدۇ» دېيىش بىلەن توسۇيدۇ. «يامان بولىدۇ» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغان ئادەم ھەرقانچە بىپەرۋا بولسىمۇ، سەل ئەندىكىدۇ ـ دە، ئۆزىنى شۇ ئىشتىن توسىدۇ. بۇ ئۇزاق

زامانلاردىن بۇيان كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا سىڭىپ كەتكەن ئىبرەت-لىك ئىبارە بولۇپ، ئەخلاق ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، بىرىكىم بوسۇغىدا تۇرۇۋالغان بولسا، ئۇنىڭغا «بوسۇغىدا تۇرما، ئىشىكنى توسۇۋې-لىپ، باشقىلارنىڭ ئۆتۈشىگە دەخلى قىلىسەن» دېسە، ئانچە سىنەكمەيدۇ، ئەمما «بوسۇغىدا تۇرساڭ يامان بولىدۇ» دېسە، ئۇ ئادەم قانداقتۇر بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچراپ قالماي دېگەن چۈشەنچىگە كېلىپ، دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ. «يامان بولىدۇ» ئىبارىسى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا، سەت قىلىق، يامان ئىشلاردىن چەكلەپ، ئەدەپكە چاقىرىشىنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىلىرىدىن بولۇپ كەلگەن:

«قازان بېشىدا تىرناق ئالسا يامان بولىدۇ»؛

«سۇغا سىيسە يامان بولىدۇ»؛

«سۇغا يۇندا تۆكسە يامان بولىدۇ»؛

«قولىنى يۇيماي غىزا يېسە يامان بولىدۇ»؛

«ياتاق تۆۋىدە ئۇخلىسا يامان بولىدۇ»؛

«غەيۋەت قىلسا يامان بولىدۇ»؛

«پولۇ يېگەندە قولىنى تاۋاققا سىلكىسە يامان بولىدۇ»؛

«نان دەسسىسە يامان بولىدۇ»؛

«قوينى تەپسە يامان بولىدۇ»؛

«ئايغا قاراپ سىيسە يامان بولىدۇ»؛

«كىشىگە تاپىنىنى قىلىپ ئولتۇرسا يامان بولىدۇ»؛

«كۆلگە ئەخلەت تۆكسە يامان بولىدۇ»؛

«مال باغلىغان ئارغامچىنى ئاتلىسا يامان بولىدۇ»؛

«پادىنى يېرىپ ئۆتسە يامان بولىدۇ»؛

«ئاش ئەتكەندە بېشىغا رومال ئارتمىسا يامان بولىدۇ»؛

«غىزا يېگەندە قاتتىق كۈلسە يامان بولىدۇ»؛

«غىزا يېگەندە توختىماي گەپ قىلسا يامان بولىدۇ».

«تۇغۇتلۇق ئۆيگە تالادىن ئۇدۇل كىرسە يامان بولىدۇ»؛

«كۆن كۆتۈرۈلگىچە ئۇخلىسا يامان بولىدۇ»؛

«ئېگىننى تەتۈر كىيسە يامان بولىدۇ»؛
«ئاخشىمى ئەخلەت تۆكسە يامان بولىدۇ»؛
«كۆرۈنگەنلا يەرگە ئەخلەت تۆكسە يامان بولىدۇ»؛
«يۈز تۈرا مشقىرسا يامان بولىدۇ»؛
مۇنداق يامان بولىدىغان ئىشلار تۇرمۇشتا ناھايىتى كۆپ، بىرقانچىدىنىلا مىسال كەلتۈردۇق. بۇنداق ئىبارىلەر ئادەملەرنى ئەدەپ ـ يوسۇنلۇق بولۇشقا ئۈندەشتە ئەجايىپ رول ئوينايدۇ.

تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە تەبىئىي يوسۇندا رەسمىيلەشكەن ئەدەپ ـ يوسۇنلىرىمىز بار: يۈرۈش ـ تۇرۇش ئەدەپلىرى، ئولتۇرۇش ـ قوپۇش ئەدەپلىرى، مۇئامىلە ئەدەپلىرى، يېمەك ـ ئىچمەك ئەدەپلىرى، كىيىم ـ كېچەك (جۈملىدىن ياسىنىش ـ جابدۇنۇش) ئەدەپلىرى دېگەندەك. بۇلاردىن بەزىلىرىنى ئەسلىتىمىز.

ئادەمنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇش ھەرىكەتلىرى ۋە چىراي ئىپادىلىرى «بەدەن تىلى» دەپ ئاتىلىدۇ؛ «بەدەن تىلى» ئەدەپ ـ يوسۇندا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

## يۈرۈش ئەدەپلىرى

يول يۈرگەندە (خىيابان ۋە يۆلەكلەردە) بىرقانچەيلەن توغرىسىغا قاتارلىشىپ، يول يۆلەكنى بىر ئالماسلىق؛ ئادەملەر تولا ئۆتۈشىدىغان ئۆتكەل ـ جايلاردا توپلىشىپ تۇرۇۋېلىپ، يولنى توسۇۋالماسلىق (كىشىلەرنىڭ قاتنىشىغا تەسىر يەتكۈزمەيدىغان بىر چەتتە تۇرۇپ گەپلەشكەن ياخشى)؛ يول ـ يۆلەكتە ھەرقانچە ئالدىراش ماڭغاندىمۇ، ئالدىدا ياكى يان ـ يانىدا كېتىۋاتقان كىشلەرنى ئىتتىرىپ ـ سوقۇپ ماڭماي، ئىلاجى بار كىشلەر يېنىدىن يانچىلاپ، مۆرىلىرىنى سەل قورۇپ ئۆتۈش؛ قېرى ـ چۆرىلەر، مېيىپلار ۋە ئاياللارغا مۇمكىنقەدەر يول بېرىش؛ ئىككى ئادەم ئارىسىنى (مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن) بۆسۈپ ئۆتمەسلىك.
ئۇزاق سەپەرگە چىقىش ئالدىدا ھەرگىز ئالدىراقسانلىق قىلماي،

ئۇزاپ چىقىش ۋاقتىدا، ھەممە يۈك ـ تاقلىرىنى تەق قىلىپ بولغان تەقدىردىمۇ ئىككى ـ ئۈچ مىنۇت جىم ئولتۇرۇۋېلىپ، سەپەرگە ئالغان نەرسىلەرنى بىرقۇر كۆزدىن كەچۈرۈش ياكى ئويلاپ كۆرۈش ـــ بۇ سەپەرگە پۇختا قەدەم قويۇش ۋە كۆڭلىنى توختىتىۋېلىش ئۈچۈن پايدىلىق.

قىز ـ يىگىتلەر بىللە يول يۈرگەندە (كوچا ـ كويدا، جامائەت سورۇنلىرىدا) قوللىرىنى مۈرە ـ بويۇنلىرىغا چىرمىۋالماسلىق، ئۆيلەنگەن بولسا، ئايال ئەرنىڭ سول يېنىدىن قولتۇقلىۋېلىش، ئۆيلەنمىگەن بولسا، يىگىت قىزنىڭ ئوڭ يېنىدىن قولتۇقلىۋېلىش (قولتۇقلىشىپ مېڭىشقا ئادەتلەنگەن بولسا)؛ پەلەمپەيدىن ئەر ـ ئايال بىللە چىقىپ ـ چۈشۈشكە توغرا كەلگەندە، چىقىشتا ئەر ئالدىدا، ئايال كەينىدە، چۈشۈشتە ئايال ئالدىدا، ئەر كەينىدە مېڭىش ئەدەپ جۈملىسىدىندۇر.

## تۇرۇش ئەدەپلىرى

ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغاندا، تەنھەرىكەت، ھاجەت، يۇيۇنۇش ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، ئۆي ئىچىدىكىلەر بىلەن سالاملىشىش، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە تۇرغان بولسا، ئاۋۋال ئۇلاردىن ھال سوراش.

تالاغا چىققاندا ياكى ئىشقا ماڭغاندا، ئۇچرىغان چوڭلارغا ـــ مويسىپىتلارغا (مەيلى تونۇش ياكى ناتونۇش بولسۇن) سالام بېرىپ ئۆتۈش.

بىزنىڭ تۇرغان تۇرقىمىزمۇ كىشىلەردە ھەر خىل تەسىر قالدۇرىدۇ. ئىككى قولىمىزنى كۆكسىمىزدە قوشتۇرۇپ تۇرساق، بۇ بىر كەمتەرلىكنىڭ ئالامىتى بولۇپ تۇيۇلىدۇ؛ ئىككى قولنى شالۋۇرنىڭ يانچۇقلىرىغا سېلىۋالساق، بۇ ئامېرىكىدا بولسا پادىچىنىڭ قىلىقى ھېسابلىنىدۇ؛ بىزدە بولسا قانداقتۇر تەربىيىسىزلىك ـ قىلىقسىزلىق بولۇپ كۆرۈنىدۇ. كۆپ ھاللاردا، ياشانغانلار ئىككى قولىنى بېلىگە قويۇپ سىقىملاپ ماڭىدۇ، بۇ ھەرىكەت ياشانغانلارنىڭ بېلىنى بېسىپ ئارام ئېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئىلگىرىكى

چاغلاردا باي ـ بەگ قاتارلىق يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ۋە بۇگۇنكى كۈندە ئۆزىنى سالاپەتلىك كۆرسەتمەكچى بولغانلار قوللىرىنى كەينىگە ـــ بېلىگە مىنگەشتۇرۇپ گىدىيىشنى ياقتۇرۇپ گەدىيىشىۋالىدۇ، قوللىرىنى ئەركىنرەك ساڭگىلىتىپ ياكى مىنگەشتۇرۇپ كىندىك ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇش سۇلكەتلىك كۆرۈنىدۇ.

مەجلىسلەردە مەجلىس ئەھلىنىڭ ناتىقنا بولغان كۆز قارىشى ئىككى ـ ئۈچ مىنۇت ئىچىدىلا مەلۇم بولىدۇ. يۈرۈش ـ تۇرۇش ئەدەپلىرىنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەھلىلىچە، تىڭشىغۇچىلارغا ناتىقتىن بولىدىغان تەسىرنىڭ 55 پىرسەنتى ناتىقنىڭ بەدەن تىلىدىن، ئەگنى، كەيپىياتىدىن ھاسىل بولىدىكەن. تەسىرنىڭ 38 پىرسەنتى ناتىقنىڭ ئاۋازىدىن، پەقەت يەتتە پىرسەنتى ناتىقنىڭ سۆزىنىڭ مەزمۇنىدىن ھاسىل بولىدىكەن.

## سالاملىشىش ئەدەپلىرى

سالام ـــ كىشىنى كىشىگە ئىللىق كۆرسىتىدۇ ۋە يېقىنلاشتۇرىدۇ. سالام ـــ ئەدەپنىڭ مۇھىم ئىپادىسى.

بەزى كىشىلەر، بولۇپمۇ ياشلار بىر ـ بىرى بىلەن كۆرۈشكەندە، سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ يوسۇنلۇق بولۇشىغا ئانچە سىنەكمەيدۇ. بەزىلەر مۈرىلىرىگە ئۇرۇپ ـ مۇشتلاپ ياكى ئىتتىرىشىپ ـ تېپىشىپ كۆرۈشىدۇ ۋە ئەپسانە گەپلەر بىلەن ئەھۋاللىشىدۇ. بۇلارنىڭ نەزىرىدە مۇنداق كۆرۈشۈش يېقىنلىقنى بىلدۈرەرمىش. بۇنداق كۆرۈشۈش مەدەنىي جەمئىيەتتە ئەدەپسىزلىك بولۇپ سانىلىدۇ.

دۇنيادا سالاملىشىشنىڭ ئۇسۇللىرى ناھايىتى تولا، ھەر يەردە ھەر خەلقنىڭ سالاملىشىشى ھەر خىل ئىكەن. قول تۇتۇشۇپ كۆرۈشۈشتە، ئۇنىڭ قول بىلەن تۇتۇشۇپ كۆرۈشۈش ئومۇمىيراق ئىكەن.

قول تۇتۇشۇپ كۆرۈشۈش تارىختىن ئىلگىرىكى جەمئىيەتتە پەيدا بولغانىكەن. ئادەملەر ئوۋ ئوۋلىغاندا ۋە جەڭ قىلغاندا، قوللىرىغا تاش ـ توقماق ئېلىۋالىدىكەن. يولدا يات ئادەم ئۇچرىشىپ قالسا، ئىككى تەرەپ

ياخشى نىيەتلىك بولسا، بىر قولنى ئۇزىتىپ ئالقىنىنى كۆرسىتىپ، مۇقابىلىغا قولىدا ھېچقانداق قورالى يوقلۇقىنى بىلدۈرىدىكەن؛ ئاندىن يېقىنلىشىپ، ئوڭ قوللىرىنى سىلىشىپ دوستلۇق ئىزھار قىلىدىكەن. مۇشۇنداق قول سىلىشىش ئادىتى بۈگۈنكى قول تۇتۇشۇپ كۆرۈشۈش يوسۇنىغا ئايلانغانىكەن. ھەر مەملىكەتتە بۇ ئۇسۇل ھەر خىل ئىكەن: ئافرىقىدىكى بەزى مەملىكەتلەردە، ھىندىستان، مالايسىيا ۋە بىرمىنىڭ بەزى يەرلىرىدە، ئوڭ قول بىلەن كۆرۈشۈش لازىم ئىكەن، سول قولنى ئۇزاتسا ھاقارەتنى بىلدۈرىدىكەن.

بىزدە ئومۇملاشقىنى ئىككى قول بىلەن تەڭ كۆرۈشۈش: ئوڭ قولنىڭ ئالقىنى مۇقابىلىنىڭ ئوڭ ئالقىنىغا، سول قولنىڭ ئالقىنى مۇقابىلىنىڭ ئوڭ قولىنىڭ دۈمبىسىگە تېگىپ كۆرۈشۈش (قاتتىق سىقىپ كۆرۈشۈش ياكى ئېرەنسىمىگەندەك قوللىرىنىڭ ئۇچىنى ئارانچە تەگكۈزۈپ قويۇش ــــ ئەدەپسىزلىكتۇر).

سالاملىشىشتا چوڭلار بىلەن كىچىكلەرنىڭ، ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ يوسۇنلىرى بولىدۇ. قول تۇتۇشقاندا، بىر ـ بىرىنىڭ كۆزىگە قاراپ كۆرۈشۈش، بۇ ــــ كىشىنى كۆزگە ئىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. بەزىلەر چوڭچىلىقىدىن ياكى كۆرۈشكۈچىنى ئۆزى بىلەن تەڭ كۆرمىگەنلىكىدىن، ئۆزى باشقا بىركىم بىلەن قول تۇتۇشۇپ كۆرۈشۈۋېرىدۇ ـ دە، ئىككىنچى بىركىم قول سۇنسا، ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپمۇ قويماي، قولنى سۇنۇپلا قويىدۇ، گەپمۇ قىلمايدۇ ۋە سالىمىنى ئىلىك ئالمايدۇ. بۇنداق قىلىش قاتتىق ئەدەپسىزلىك ۋە تەكەببۇرلۇق بولىدۇ. كۆرۈشكەندە كۆلۈمسىرەش، ياشلار ئاۋۋال چوڭلارغا، ئەرلەر ئاۋۋال ئاياللارغا سالام بېرىش، ئەمما قول تۇتۇشۇپ كۆرۈشۈشكە توغرا كەلسە، چوڭلار ئاۋۋال ياشلارغا قول سۇنۇش ۋە ئەھۋاللىشىش؛ قۇچاقلىشىپ ياكى مەڭزلىرىنى يېقىشىپ كۆرۈشكەندىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئايال قول سۇنمىسا، ئەر ئەتەي قول سۇنماسلىقى كېرەك. چۈنكى ئايال قول تۇتۇشۇشنى راۋا كۆرمىسە قول سۇنمايدۇ. ئادەتتە كىشىلەر ئۇچراشقاندا، ئەرلەر ئىككى قولنى كىندىك ئۈستىگە قويۇپ سالاملىشىدۇ؛ ئاياللارمۇ سەل ئېگىلىپ تەزىم قىلىشىپ كۆرۈشىدۇ. ئۇچ-

راشقاندا مۇنداق كۆرۈشۈش نازاكەت ھېسابلىنىدۇ.

ئولتۇرغان بولسا، بىركىم كېلىپ سالاملىشىپ كۆرۈشسە، ئولتۇرغان كىشى ئورنىدىن قوپۇپ ئىلىك ئېلىشى كېرەك. ئولتۇرغۇچى مويسىپىت ۋە ئاغرىقچان بولسا، كۆرۈشكۈچى ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك بولسىمۇ ئورنىدىن قوپماي سالاملاشسىمۇ بولىدۇ. لېكىن تەڭ دېمەتلىكلەر ئورنىدىن تۇرمايلا، سالامنى ئىلىك ئالسا، بۇ ـــ ئەدەپسىزلىك بولىدۇ، كۆرۈشكۈچىنىڭ دىلى رەنجىيدۇ.

كىشىلەر بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا، چۈشكۈرۈك ياكى ئەسنەك تۇتۇپ قالسا، دەرھال بىر يانغا قارىۋېلىش ۋە ئالقىنى بىلەن ئاغزى ـ بۇرنىنى تورىۋېلىش؛ ئەسنىگەندە باش بارمىقى بىلەن ئېڭىكىنى تىرەپ، بىگىز قول بىلەن ئاغزىنى توسۇۋېلىش (بۇنىڭ ئىككى جەھەتتىن پايدىسى بار: بىرى، قاتتىق ئەسنىگەندە ئېغىز ئىختىيارسىز يوغان ئېچىلىپ، زاڭاق چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلانغىلى، يەنە بىرى، ئېغىز بوشلۇقىدىكى بەزى نۇقسانلارنى يايقىلى ھەم پاشا ـ چىۋىننىڭ كىرىپ كېتىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ).

## ئولتۇرۇش ئەدەپلىرى

ھەر خىل ياشتىكىلەر بىللە ئولتۇرغاندا، چوڭلارغا ئورۇن بېرىش، يەردە ئولتۇرغاندا پۇتلىرىنى سۇنۇپ، تاپانلىرىنى باشقىلارنىڭ بولۇپمۇ چوڭلارنىڭ يۈزىگە ئۇدۇل قىلماسلىق؛ ئورۇندۇقتا زوڭزىيىۋالماسلىق؛ كىشىلەر ئۆتۈشىدىغان ئارىلىقلاردا پۇتلىرىنى ياغاچتەك ئۇزارتىۋالماسلىق؛ ئۆيگە كىرگەندە كەش ـ كالاچ، تۇپلەيلىرىنى بوسۇغىدا سېلىپ قويۇش؛ ئەرلەر باداشقان قۇرۇپ، ئاياللار يېنىچە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇش، ئۆي ئىگىسى كەڭ ـ كۇشادە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاندىلا، ئەدەپ ساقلىغان ھالدا ئۆزىگە ئەپ كەلگىنىچە ئازادە ئولتۇرسا بولىدۇ.

# غىزالىنىش ئەدەپلىرى

غىزا يېيىشمۇ ئالاھىدە بىر سەنئەت ھېسابلىنىدۇ. سۈيۈق ـ سەلەڭ ئاشلارنى شالاپ ـ شالۇپ، لەڭمەننى قاتتىق سۈمۈرۈپ يېمەي، سۈلكەت بىلەن يېيىش؛ پولۇنى كاپاملاپ يېگەندە قولدىكى يۇقۇندى گۈرۈچلەرنى ھەرگىز تاۋاققا سىلكىمەسلىك؛ باشقىلارنىڭ ئالدىدا تۇرغان مەزىنى ئۆز ئالدىغا تارتىۋالماسلىق؛ ھۆل ئۈزۈم يېگەندە، تەخسىدە تۇرغىنىچە بىر ـ بىردىن تىرناپ يېمەي، شىڭگىلىدىن ئۈزۈپ يېيىش؛ چاي قۇيغۇچى چاينى پىيالىگە سورۇپ قۇيماي، پىيالىنىڭ لېۋىدىن قۇيۇش. قول يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن قول تۇتۇشۇپ كۆرۈشمەسلىك ۋە مۇمكىنقەدەر لۆڭگىگە سۈرتمەسلىك، چۈنكى تازىلانغان قول يەنە يۇيۇقسىز ھالىتىگە يانىدۇ (بىر لۆڭگىگە قانچە ئونلىغان ئادەم قول سۈرتۈش تازىلىققا ئۇيغۇن ئەمەس)، شۇڭا كونىلار قولنى لۆڭگىگە سۈرتمەي قۇرۇتىدۇ.

※ ※

ئەدەپ ـ يوسۇن ــ كىشلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ ئۆلى، ئەدەپ ـ يوسۇن رايون ۋە ماكاندىكى ئۆزگىرىشلەر بىلەن تۇسلىنىپ ـ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. ئەمما تۈپتىن يېڭىلانمايدۇ، ئىپادىلەش شەكىللىرىگە بەزى يېڭىلىقلار كىرىدۇ. ھازىر ياشلاردا ئەدەپ ـ يوسۇندىكى ناتوغرا ھالەتلەر يېڭىلىق كىرىش دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن. چۈنكى رايون ـ ماكان ۋە ئائىلىلەردىكى ئەدەپ ـ يوسۇن تەربىيىسى سۇسلىشىپ كەتكەن؛ ئائىلە تەربىيىسى بىلەن مەكتەپ تەربىيىسىنىڭ فۇنكسىيىسى تەڭپۇڭلىشالمىغان. بەزى رايونلاردىكى ئىقتىسادىي تۇرغۇنلۇق ۋە ئائىلىلەردىكى مەنىۋى چۈشكۈنلۈك تۈپەيلىدىن مەكتەپ بىلەن جەمئىيەت ئارىلىقىدا لەيلەپ يۈرگەن باللار كۆپەيمەكتە. بۇ ھالەت ئەدەپ ـ يوسۇننىڭ نورمال جارى بولۇشىغا مەلۇم تەسىر يەتكۈزىدۇ.

ئاندىن، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ قىممەت قارىشى كۈندىن ــ كۈنگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، مىللىي ــ ئەنئەنىۋى ھەم ئاددىي ــ ساددا بولغان ئەدەپ ــ يوسۇنلىرىمىزنىڭ كۈچى ئاجىزلاشماقتا. بۇ ھال مىللىي ئۆرپ ــ ئادەتلىرىمىزگە يامان تەسىر كۆرسەتتى. ئەمما، رەسىم ــ يوسۇن ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ. مەھمۇت كاشغەرى «دىۋان» دا مۇنداق كەلتۈرگەن: «تۆرۈ ــــ يوسۇن، قائىدە. ماقالدا مۇندق كەلگەن: ئەل قالىر، تۆرۈ قالماس، يەنى يۇرت تاشلىنىپ قالۇر، رەسىم ــ يوسۇن تاشلانمايدۇ. بۇ ماقال ئۆرپ ــ ئادەت، قائىدە ــ يوسۇندا پىشقەدەملەرگە ئەگىشىشكە ئۈندەپ ئېيتىلىدۇ».

شۇڭا تۆرمۇشىمىزدىكى ئەدەپ ــ يوسۇنلىرىمىزنىڭ ئازراق بىر قىسمىنىلا ياشلارنىڭ سەمىگە سالدۇق.

图书在版编目(CIP)数据

诺鲁孜书:维吾尔文/伊明·吐尔逊著.—乌鲁木齐:新疆青少年出版社,2001.1

ISBN 978-7-5371-3799-7

Ⅰ.诺… Ⅱ.伊… Ⅲ.维吾尔族—民族节日—风俗习惯—中国—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.K892.315

中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第86998号

责任编辑:亚森·伊明

责任校对:阿布列孜·阿巴斯<br>依巴达提·亚森

技术编辑:买买提艾力

封面设计:阿里甫·夏

诺鲁孜书(维吾尔文)

伊明·吐尔逊 著

新疆青少年出版社出版

(乌鲁木齐市胜利路二巷1号 邮编:830049)

新疆新华书店发行

乌鲁木齐昊坤彩印有限公司印刷

850×1168毫米 32开 4.125印张

2001年1月第1版 2009年4月第3次印刷

印数:4071–7070

ISBN 978-7-5371-3799-7 定价:8.00元

如有印刷装订问题请直接同出版社调换